قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:




«سىلەر ماڭا ۋاكالىتەن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار!»

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش — ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى. ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تۇغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. ئىماملىرىمىزنىڭ يانۋاردىكى جۈمە كۈنلىرى بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا ۋەز سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

# مۇندەرىجە


ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى ........................... 2

پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئىككى

ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئىزدەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ..... 5

تاھارەت ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ........................... 23

ناماز ھەققىدە ........................................ 42

مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك 62

ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى ...................... 74

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ..................... 94

# ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ، الَّذِى هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِى لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللهُ وَصَلَوَاتُ اللهِ وَتَسْلِيْمَاتُهُ عَلَى رَحْمَتِهِ الْمُهْدَاةِ لِلْعَالَمِيْنَ سَيِّدِنَا وَإِمَامِنَا وَأُسْوَتِنَا وَحَبِيْبِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وِمَنِ اتَّبَعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ

أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿ اُدْعُ إِلِى سَبِيْلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِيْ هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيْلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ ﴾

ھەممىمىزگە مەلۇم، «ۋەز» ياكى «ۋەز-نەسىھەت» دېگەن سۆز بىرىكمىسى دىنىي جەھەتتىكى بىر خىل ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ سۆز ئىسلامىيەت بىلەن تەڭ بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگەن. ئۇ مەنە جەھەتتىن «نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش، دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش، ئەمرى-مەرۇپ قىلىش» دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىر دىيارىمىزدىكى ئىماملار، خاتىپلار، جۈمە نامىزى، ھېيت نامىزى ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەر سورۇنلىرىدا مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئىسلام دىنى ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى، ئەخلاق-مىزانلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل ۋاستە ياكى ماھارەت بولۇپ

قالدى.

«ۋەز ـ نەسىھەت» قىلىش، يەنى كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش، مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە يېتىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش دىنىي بىلىم ئىگىلىگەن، دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ھەر بىر دىنىي زاتنىڭ مەجبۇرىيىتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿ قُلْ هَـذِهِ سَبِيْلِي أَدْعُوْ إِلَى اللّهِ عَلَى بَصِيْرَةٍ أَنَاْ وَمَنِ اتَّبَعَنِيْ وَسُبْحَانَ اللّهِ وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِيْنَ ﴾

﴿ئېيتقىنكى: بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەس﴾. **(12 ـ سۈرە/يۇسۇف 108 ـ ئايەت)**

يەنە بىر ئايەتتە، ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشەندۈرگەن ھەم توغرا يەتكۈزگەن، ھەم ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار قاتارىدا تۇتقان كىشىنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېگەن:

﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴾

﴿ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟﴾ **(41 ـ سۈرە/فۇسسىلەت 33 ـ ئايەت)**

دېمەك، ۋەز سۆزلەشتەك مۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىنى ياخشى ئۆتەش، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا يەتكۈزۈش، باشقىلارنى ياخشى يولغا باشلاش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇش ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بۇنداق شەرەپلىك، ئۇلۇغ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداش كېرەك؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق قائىدىسى، ئۆزىگە چۈشلۇق ئۇسلۇبى، ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرتىپى بار، شۇڭا

بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ئاشۇ قائىدىلەرنى، ئۇسلۇبلارنى، تەرتىپلەرنى تولۇق ئىگىلىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ماھارەتلىك ۋائىزلاردىن بولۇپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۇسلۇبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿ اُدْعُ إِلِى سَبِيْلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِيْ هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيْلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ ﴾

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. رەببىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴾. (16 ـ سۈرە/نەھل 125 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىگەندە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىشنى، قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرىلىشىش توغرا كەلسىمۇ ناھايىتى چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىشنى، ھەتتا سەن كاپىر، مەن مۇسۇلمان دەپ ئۆلتۈرماسلىقنى ئالاھىدە جاكارلاپ، كىمنىڭ كاپىر، كىمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا ۋەز سۆزلەش مەلۇم ساندىكى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارىتا تىلنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ھالدا، ئاۋازلىق ھەم قول ھەرىكىتى ۋە روھى ھالەت، چىراي ـ تۇرقى ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى، نەزەرىيەلىرىنى، ئەھكاملىرىنى ۋە ئەخلاق ـ مىزانلىرىنى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش تەشەببۇسلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى دەپ قارىلىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئىزدەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ، الَّذِى هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِى لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللهُ وَصَلَوَاتُ اللهِ وَتَسْلِيْمَاتُهُ عَلَى رَحْمَتِهِ الْمُهْدَاةِ لِلْعَالَمِيْنَ سَيِّدِنَا وَإِمَامِنَا وَأُسْوَتِنَا وَحَبِيْبِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وِمَنِ اتَّبَعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ

أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز!

ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

قوله تعالى: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾

**(68 ـ سۈرە/قەلەم 4 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بارلىق گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل مىجەز-خۇلۇقلارنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى بايان قىلغان بولسا، يەنە بىر ئايەتتە:

قوله تعالى: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيْ رَسُوْلِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْا اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيْرًا﴾

﴿سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر﴾ (**33 - سۈرە/ئەھزاب 21 - ئايەت**) دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنى بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئۆلگە قىلىشىمىزغا چاقىرغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىك سۈپىتى بىلەن ئېلىپ بارغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، سۆزلىرىنى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە تۇرمۇشىدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىز مۇسۇلمانلار كۈندىلىك ھاياتىمىزغا تەتبىقلاپ ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، كۈندىلىك ھاياتىنى، ئەخلاقى سۈپەتلىرىنى ياخشى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرى-ياش، ئەر-ئايال ھەممە كىشىگە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلەتتى. ساھابىلەردىن بىرەرسىنى كۆرۈپ تۇرمايدىغان بولسا سۈرۈشتۈرۈپ سورايتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى. كېسەللەرنى ۋە قوشنا-قولۇملارنى يوقلاپ دەردىگە دەرمان بولاتتى. ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا قاتنىشىپ تەزىيەسىنى بىلدۈرەتتى.

مەسجىدنى سۈپۈرۈپ-تازىلايدىغان ئايال كۆرۈنمەي قالغان چاغدا، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىغان ۋە ۋاپات تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ ئاتايىن قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلغان. (بۇخارى)

پەيغەمبىرىمىز، مەيلى تونۇش ۋە مەيلى ناتونۇش بولسۇن ھەممە

كىشىگە سالام بېرەتتى. ھېچقانداق ئۆيگە رۇخسەتسىز كىرمەيتتى. چېھرىدىن ھەر زامان تەبەسسۇم ئۆچمەيتتى. ھېچكىم بىلەن ئازارلىشىپ قالمايتتى. سۇرەن ـ چۇقان سېلىپ يۈرمەيتتى. كۆپ سۆزلەشنى ياقتۇرمايتتى. بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولمايتتى. پەيغەمبىرىمىز كىشىلەرنىڭ كەمچىللىكلىرىنى يۈزمۇ ـ يۈز تورۇپ ئېيتمايتتى.

بىرەرسىنىڭ ناتوغرا ئىشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا: «پالانى مۇنداق قىپتۇ دەپ ئىسمىنى ئاتىماي، مۇنداق قىلغانلار باركەن، دەپ شۇ ئىشنى چەكلەيتتى».

**(ئەبۇ داۋۇد)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ كەينىدىن گەپ تېپىشنى، غەيۋەتنى قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. پىتنە ـ پاساتنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە بامدات نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

[ يَا مُعَاذُ أَفَتَّانٌ أَنْتَ ]

«ئى مۇئاز، پىتنە تېرىماقچىمۇسەن؟!» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. **(بۇخارى)**

ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ئۇلارنى خاتا ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن مەنئى قىلاتتى. بىر كۈنى بىر ياش يىگىت پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ زىنا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغاندا ئۇنىڭغا:

[«أَتُحِبُّهُ لِأُمِّكَ» قَالَ لَا وَاللَّهِ جَعَلَنِي اللَّهُ فِدَاءَكَ قَالَ «وَلَا النَّاسُ يُحِبُّونَهُ لِأُمَّهَاتِهِمْ أَفَتُحِبُّهُ لِابْنَتِكَ ... أَفَتُحِبُّهُ لِأُخْتِكَ ... أَفَتُحِبُّهُ لِعَمَّتِكَ ... أَفَتُحِبُّهُ لِخَالَتِكَ ...» فَوَضَعَ يَدَهُ عَلَيْهِ وَقَالَ: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ ذَنْبَهُ وَطَهِّرْ قَلْبَهُ وَحَصِّنْ فَرْجَهُ» فَلَمْ يَكُنْ بَعْدُ ذَلِكَ الْفَتَى يَلْتَفِتُ إِلَى شَيْءٍ]

«ئاناڭنىڭ زىنا قىلىشنى خالامسەن؟!» دەپ سورىغان، ئۇ: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله مېنى ساڭا پىدا قىلغۇەتسۇن، ياقتۇرمايمەن، دېگەن رەسۇلۇللاھ: «باشقىلارمۇ خۇددى سەندەك ئانىلىرىنىڭ زىنا قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ» دېگەن، ئاندىن يەنە: «ئۇنداقتا، قىزىڭنىڭ زىنا قىلىشنى

خالامسەن؟ . . . ھەمشرەڭنىڭ زىنا قىلىشىنى خالامسەن؟ . . . ھامما ئاچاڭنىڭ زىنا قىلىشىنى خالامسەن؟ . . .» دېگەنلەرنى سورىغاندىمۇ ئوخشاشلا شۇ جاۋابنى بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياش يىگىتكە دۇئا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرزلەرنى ۋاقتىدا قايتۇرماسلىقنى ۋە قەرزدارنىڭ قەرزى سەۋەبىدىن تەڭقىسلىقتا قېلىشىنى خالىمايتتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ھەدرەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر يەھۇدىينىڭ مەندە تۆت تەڭگە ئېلىشى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەرزىنى ۋاقتىدا بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بۇ قەرزنى ئادا قىلىۋېتىشىمنى ئېيتتى. مەن بەرگۈدەك بىر نەرسەمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىۋېدى، مەن بازارغا بېرىپ ئۇستۈمدىكى تون چاپاننى تۆت تەڭگىگە سېتىپ قەرزىمنى قايتۇرغاندىم».[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچراشقان كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى ۋە ئايرىلغاندا ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ھۇزۇرىغا كەلگەن بىر كىشى: «قولۇڭغا سۆيسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبىرىمىز: «بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى: «ئالدىڭدا ئېگىلسەم بولامدۇ؟» دېگەن. پەيغەمبىرىمىز: «ياق» دېگەن. بۇ نۆۋەت ئۇ كىشى: «قول ئېلىشىپ كۆرۈشسەمچۇ؟» دېگەندە پەيغەمبىرىمىز: «بولىدۇ» دېگەن. (تىرمىزى)

مۇسۇلمان مىللەتلەردە ھۆرمەت يۈزىسىدىن چوڭلارنىڭ قولىغا سۆيىدىغان ۋە بېشىنى ئېگىپ سالام بېرىدىغان ھەر خىل يوللۇق سالاملىشىش ئادەتلىرى بار بولۇپ، چوڭلارنىڭ قولىنى سۆيۈشنىڭ دىندا ھېچقانداق كارايىتى يوق تۇرۇقلۇق، پەيغەمبىرىمىز ھاكاۋۇرلۇق بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئۇ كىشىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇشتىن باشقا ۋاقىتلاردا بىرەرسىنى ئۇرمىغان.

---

① ئىبنى ھەنبەل، بەشىنچى جىلد، 256 ~257۔ بەتلەر.

② ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «ئەلئىسابە فى تەمىيىزىس ساھابە» دېگەن ئەسىرى ئەيىن ھەرپى قىسمى.

قوۋل ۋە دىدەكلەرگىمۇ باشقا ھۆر ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان.

جابىر ئىبنى سەلەمە رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاز سۆزلەيتتى، ئاز كۈلەتتى، ساھابىلىرى ئۇنىڭ يېنىدا شېئىر ئوقۇشاتتى ۋە ئۆز ـ ئارا بەزى ئىشلارنى سۆزلەشكەچ كۈلۈشەتتى». (مۇسلىم)

پەيغەمبىرىمىز ئىشلەشنى، تىرىكچىلىك قىلىشنى تەرغىب قىلاتتى. تىلەمچىلىكنى چەكلەيتتى. بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن نەرسە تىلىگەندە پەيغەمبىرىمىز ئۇ كىشىدىن: ئۆيىدە نېمە بارلىقىنى سورىغان. ئۇ، بىر يېپىنچىسى ۋە بىر دانە سۇ ئىچىدىغان ياغاچ تاۋىقى بارلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبىرىمىز «ئۇلارنى ئەكەل» دېگەن ۋە مەسجىدتە باھا چىقارتىپ ئىككى تەڭگىگە سېتىپ بەرگەن. ئۇ ئادەم ئىككى تەڭگىنىڭ بىرىگە يېمەكلىك ئالغان ۋە يەنە بىرىگە بىر پالتا ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلگەن. پەيغەمبىرىمىز ئۆز قولى بىلەن پالتىنى ساپلاپ بەرگەن ۋە: «ئون بەش كۈنگىچە سېنى كۆرمەي، بېرىپ ئوتۇن كېسىپ سات» دېگەن. ئۇ كىشى ئون تەڭگە تېپىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن. پەيغەمبىرىمىز: «تاپقان پۇلۇڭغا ئازراق يەيدىغان نەرسە ئېلىپ ساڭا يەتكۈدەك ھالغا كەل» دېگەندىن كېيىن:

[ هَذَا خَيْرٌ لَّكَ مِنَ الْمَسْأَلَةِ ]

«مانا بۇ (كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشى) تىلەمچىلىك قىلغىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەن. (ئىبنى ماجە)

## ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن پەيغەمبىرىمىز مۇنەۋۋەر بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز: «ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان»، شۇنداقلا مۇنداق دېگەن:

[ خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِأَهْلِهِ، وَأَنَا خَيْرُكُمْ لِأَهْلِي ]

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىگە قارىتا ياخشى مۇئامىلىدە

بولغىنىڭلاردۇر. مەن ئىچىڭلاردىكى ئائىلىسىگە قارىتا ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولغان بىرىمەن» دېگەنىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. باشقىلارغا خۇشخۇي بولۇپ ئۆز ئايالىغا مۇز چىراي بولىۋېلىشنى ياقتۇرمايتتى. پەيغەمبىرىمىز ئائىلىسىگە، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ئاياللىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتى.[①] ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا سالام بېرەتتى. پەيغەمبىرىمىز مەخسۇس بىر كۈننى ئاياللارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىشكە ئاجراتقانىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئېرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر ئايالغا: «شۈبھىسىز ھەر بىر ئايالنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان بىر تەرىپى باردۇر» (مۇسلىم) دېيىش ئارقىلىق ئېرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا دەۋەت قىلغانىدى. پەيغەمبىرىمىز ئاياللىرىنى پەقەت ئۇرمىغان. ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە:

«ئاياللار ھەققىدە رىئايە قىلىشىڭلارنى ۋە بۇ باردا ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە نىكاھلاپ ئالدىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. (ئەبۇ داۋۇد)

## بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەيغەمبىرىمىز بالىلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنى سۆيۈپ قۇياتتى، پۇرايتتى، سالام بېرەتتى، ئەھۋال سورايتتى، ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ باراتتى، ھەتتا قۇچىقىغا ئالغان بالىنىڭ تەرەت قىلىپ قويۇشىغىمۇ خاپا بولمايتتى. بارلىق بالىلارنى ياخشى كۆرەتتى ۋە:

[ لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيْرَنَا ]

«كىچىكلەرنى ئىززەتلىمىگەن ئادەم بىزدىن ئەمەس» دېگەنىدى. (تىرمىزى)

---

① ئىبنى ھەنبەل، ئالتىنچى جىلد، 264 ـ بەت.

بالىلار بىلەن چاقچاقلىشاتتى، بىللە ئويناياتتى. پەيغەمبىرىمىز بىر قېتىم مۇھەممەد ئىبنى رەبىئ ئىسىملىك بىر بالىغا قاچىدىن سۇ ئېلىپ چاچقان. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن بىللە بىر زىياپەتكە كېتىۋاتقاندا كوچىدا ئويناۋاتقان ھۈسەيىننى كۆرۈپ ساھابىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۈسەيىنگە قۇچىقىنى ئاچقان، ھۈسەيىن بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا قېچىپ يۈرگەن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ يۈرۈپ تۇتىۋالغان ۋە باغرىغا باسقاندى. (ئىبنى ماجە)

بالىلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇلارغا ئاۋۋال سالام بېرەتتى. ئۇلارنى ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرگىلى سېلىپ مۇسابىقىلەشتۈرەتتى ۋە ئۇلارغا ھەدىيە بېرەتتى. بىر قېتىم تاغىسى ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن ئۇبەيدۇللاھنى يۈگۈرگۈزۈپ قولىدىكى نەرسىنى كۆرسىتىپ: «كىم بالدۇر كەلسە ماۋۇنى بېرىمەن» دېگەندى.[①]

## ئوتتۇرھال يول تۇتىدىغانلىقى

پەيغەمبىرىمىز ھەتتا كىچە ـ كۈندۈزلۈك بارلىق ئىبادەتلىرىدىمۇ ئوتتۇرھال يول تۇتقان ئىدى. ئائىشە ئانىمىزدىن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تولۇق بىر كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغىنىنى بىلمەيمەن». ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرەي دېسەڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا، ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرەي دېسەڭ ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرەتتىڭ». (بۇخارى)

پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان ھېچقانداق ئىشنى بۇيرۇمىغان. ئۇنىڭ بۇيرۇغان ياكى توسقان ئىشلىرى ئىنسانلارنىڭ ئادا قىلىشى قولاي ئىشلار ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ۋەز ئېيتىۋېتىپ ئۆرە تۇرغان بىرسىنى كۆرۈپ نېمە سەۋەبتىن ئۆرە تۇرغانلىقىنى سورىغان. ئەتراپىدىكىلەر: «پالانى كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆرە تۇرۇشقا، ئاپتاپتا تۇرۇشقا ۋە گەپ قىلماسلىققا ئاللاھقا ۋەدە قىلىپتۇ»

① ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «ئەلئىسابە فى تەمييىزىس ساھابە» دېگەن ئەسىرى.

دېگەنــدە پەيغەمـبـەرـىـمـىـز: «ئـۇ ئـادەمگە ئېيتــىپ قويـۇڭلار: گەپ قىلسـۇن، سايـىدىسۇن ۋە ئولتۇرسۇن...» دېگەن.[1]

پەيغەمـبـەرـىـمـىزنــىڭ ئىبــادەتلەرده ئوتتـۇرھــال يــول تۇتــىدىغانلىقى ھەققىــدە مۇنــداق رىــۋايەت بــار: ســاھابىلەردىن ئــۈچ كىشــى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئاياللىرىنــىڭ ئــۆيىگە كېلىــپ پەيغەمـبـەرـىـمـىزنــىڭ ئىبادەتلىرى ھەققىدە سورىغان. ئۇلارغـا بـۇ ھەقـتە جـاۋاب بېرىلگەنـدىن كېيىـن ئۇلار: «بىـز پەيغەمبەردەك بولالايتتۇقمـۇ؟ ئۇنــىڭ ئۆتمۈشــتىكى ۋە كېلەچەكتىكى پۈتۈن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان تۇرسا!» دېيىشـكەن ۋە بىرسى: «مەن كېچىچە ئىبادەت قىلىمەن» دېسە؛ يەنە بىرسـى: «مەن ھەر كــۈنى روزا تــۇتىمەن» دېــگەن؛ يەنە بىرســى: «مەن ئۆمــۈر بــويى ئۆيلەنمەي ئۆتىمەن» دېگەن. پەيغەمـبـەرـىـمـىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

[ أَنْتُمُ الَّذِينَ قُلْتُمْ كَذَا وَكَذَا ؟ أَمَا وَاللَّهِ إِنِّي لَأَخْشَاكُمْ لِلَّهِ وَأَتْقَاكُمْ لَهُ، لَكِنِّي أَصُومُ وَأُفْطِرُ، وَأُصَلِّي وَأَرْقُدُ وَأَتَزَوَّجُ النِّسَاءَ فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِيْ فَلَيْسَ مِنِّيْ ]

«سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق دېگەن كىشىلەرمۇ؟ مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان ۋە ئەڭ تەقۋادارىمەن. مەن روزىنى بەزى كۈنلىرى تۇتىمەن بەزى كۈنلىرى تۇتمايمەن، كېچە ئىبادەتلىرىنى بەزىدە قىلىمەن بەزىدە قىلماي ئۇخلايمەن، ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن مەندىن ئەمەس» (بۇخـارى)، دېيىش ئـارقىلىق ئـۇلارنى ئوتتـۇرھـال يـول تۇتۇشــقا بۇيرۇغــان. ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنــىڭ ئــۇزۇلمەي داۋاملىشىشــى ئۈچۈن پەيغەمـبـەرـىـمـىز بۇ ئوتتۇراھاللىقنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمـبـەرـىـمـىز ئاسانلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى ۋە ئۆزىمـۇ ئىشـلارنىڭ ئاسان بولغىنىنى تاللايتتى.

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿يُرِيْدُ اللهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيْدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾

ئــاللاھ تائــالا مۇنــداق دېــگەن: ﴿ئــاللاھ ســىلەرگە ئاســانلىقنى خالايــدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾. (2 ـ سۈرە/بەقەرە 185 ـ ئايەت)

پەيغەمـبـەرـىـمـىزمۇ: [ يَسِّرُوْا وَلَا تُعَسِّرُوْا ، وَبَشِّرُوْا وَلَا تُنَفِّرُوْا ]

[1] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «ئەلئىسابە فى تەمىيىزىس ساھابە» دېگەن ئەسىرى.

«ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىينلاشتۇرماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار» دېگەن. (بۇخارى)

پەيغەمبىرىمىز ئىككى ئىش ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلسە گۇناھ بولمىسىلا ئاسىنىنى تاللايتتى. (بۇخارى)

## راستچىللىقى

پەيغەمبىرىمىز راستچىل ئىدى. راستچىللىقنى تەۋسىيە قىلاتتى. تەۋسىيە قىلغان ۋە بۇيرۇغان ئىشلار بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارىسىدا بىردەكلىك بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ يالغانچىلىق بىلەن تۆھمەت قىلىنغان ئەمەس، ھەتتا مۇشرىك ئەبۇ جەھىل: «مۇھەممەد سۆزلىرىدە راستچىل ئىدى، ئۇ ئۆمرىدە يالغان سۆزلەپ باقمىغان» دېگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىزگە قارشى چىققان نەدر بىن ھارىس: «مۇھەممەد ئىچىڭلاردىكى ھەممە ياخشى كۆرىدىغان ياش ئىدى. ئەڭ راست سۆزلەيدىغان ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك بىرسى ئىدى» دېگەن. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھېچقاچان يالغان سۆزلىمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.[1]

چاقچاق قىلغاندىمۇ راستچىللىقتىن چەتنەپ كەتمىگەن پەيغەمبىرىمىز:

[ إِنّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ ]

«شۈبھىسىزكى، راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق بولسا جەننەتكە باشلايدۇ» دېگەن. (بۇخارى)

ھەتتا يالغان ئارىلاشقان چاقچاقلارنىمۇ توغرا تاپمىغان پەيغەمبىرىمىز: «چاقچاق بىلەن مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىشنى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويۇشلارنى چەكلىگەن».[2]

---

① ئىبنى ھەنبەل، بىرىنچى جىلد، 262ـ بەت.

② ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەلۋاقىدىينىڭ «كىتابۇل مەغازى» ناملىق ئەسىرى. بەيرۇت 1984ـ يىل نەشرى، ئىككىنچى جىلد 448ـ بەت.

## سېخىيلىقى ۋە موھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقى

«پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىيسى ئىدى».[1] مەردلىك ـ سېخىيلىق سۈپىتى جەھەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورالسا ھەرگىز يوق دېمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ خِصْلَتَانِ لا تَجْتَمِعَانِ فِي مُؤْمِنٍ: اَلْبُخْلُ وَسُوْءُ الْخُلُقِ ]

«بېخىللىق ۋە يامان ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى ئىش مۇئمىن كىشىدە تېپىلمايدۇ». (تىرمىزى)

پەيغەمبىرىمىز مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە ئەمەس پېقىر ـ مىسكىنلەرگە سەرپ قىلاتتى. ئۇ:

[ مَا أُحِبُّ أَنَّهُ تُحَوِّلُ لِيْ ذَهَبًا يَمْكُثُ عِنْدِيْ مِنْهُ دِيْنَارٌ فَوْقَ ثَلَاثٍ إِلاَّ دِيْنَارًا أَرْصُدُهُ لِدَيْنٍ ]

«پۈتۈن ئۇھۇد ماڭا ئالتۇن بولۇپ بەرسىمۇ، مەن بىر دىنارنىمۇ ئۈچ كۈنگىچە ئۆز ئۆيۈمدە قويمايتتىم، قەرزىمنى قايتۇرۇشقا ئىشلەتكىنىمدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلاتتىم» دېگەن. (بۇخارى)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ خىسلىتى تەغابۇن سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَمَنْ يُّوْقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

﴿كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر﴾ (64 ـ سۈرە/تەغابۇن 16 ـ ئايەت)

پەيغەمبىرىمىز ھەممە ئادەمگە ياردەم قولىنى سۇناتتى، موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى. خەبباب بىن ئەرت ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگىنىدە ئۆيىدە ھايۋانلىرىنى ساغىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

[1] سۇنەنۇد دارىمىي، كىتابۇل مۇقەددىمە.

خەبىــات ئۇرۇشــتــىن كەلگەنــگە قەدەر پەيغەمبىرىمىــز ھەر كــۈنى ئۇنــىڭ ئۆچكىلىرىنى سېغىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان.

پەيغەمبىرىمىز يەنە بويتاق ياكى ئېغىر كۈنىدە قالغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمايتتى، بەلكى بۇ خىل ئىشلاردىن زوق ئالاتتى. (نىسائى)

پەيغەمبىرىمىز بەزى كۈنلىرى باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ شۇنچىلىك چارچايتتىكى ھەتتا نەپلە نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. (مۇسلىم)

## كەمتەرلىكى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنى يۇقىرى، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولغىنى بىلەن ئۆزى ناھايىتى كەمتەر ئىدى. ھاكاۋۇرلۇقتىن، ماختانچاقلىقتىن يىراق ئىدى. پەيغەمبىرىمىز كەمتەرلىك ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّ اللَّهَ أَوْحَى إِلَيَّ أَنْ تَوَاضَعُوا حَتَّى لا يَفْخَرَ أَحَدٌ عَلى أَحَدٍ، وَلاَ يَبْغِيَ أَحَدٌ عَلى أَحَدٍ ]

«ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيى قىلدىكى، سىلەر كەمتەر بولۇڭلار، ھېچكىم ھېچكىمگە چوڭچىلىق قىلمىسۇن، ھېچكىم ھېچكىمگە يوغانچىلىق قىلمىسۇن». (مۇسلىم)

پەيغەمبىرىمىز ئۆيدە بولسۇن ياكى سىرتتا بولسۇن ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى. (ئىبنى ماجە)

تۇل ئاياللار، يېتىم بالىلار ۋە يوقسۇل كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇپ، پاراڭلىششتىن ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلاتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى، مېيىت نامازلىرىغا قاتنىشاتتى، ھەتتا قۇل ـ دېدەكلەر چاقىرغان يەرلەرگىمۇ باراتتى. (بۇخارى)

قوينىڭ بىر تۇيىقى ئۈچۈن مېھمانغا چاقىرىلسىمۇ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى)

ھۇزۇرىغا كەلگەن بىر يىگىتنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

[هَوِّنْ عَلَيْكَ، فَإِنِّيْ لَسْتُ بِمَلِكٍ إِنَّمَا أَنَا ابْنُ امْرَأَةٍ مِنْ قُرَيْشٍ كَانَتْ تَأْكُلُ الْقَدِيْدَ]

«تىترىمە! مەن ھۆكۈمدار ئەمەس. مەن، قۇرەيش قەبىلىسىدىن قاقلانغان گۆش يېگەن بىر ئايالنىڭ ئوغلى» دېگەن. (ئىبنى ماجە)

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىدىن ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان قاتتىق مۇئامىلىلىرىدىن ئۇلارغا ئاچچىقلىمايتتى ۋە ئىچىدە غوم ساقلاپ ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنمايتتى. (بۇخارى)

ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىكى غەنىيمەت تەقسىماتىغا قارشى چىققان زۇلھۇۋەيسەرانىڭ: «ئادىل تەقسىم قىلمىدىڭ» دېگەن سۆزىگە ئاچچىقلىماستىن: «مەن ئادىل تەقسىم قىلمىسام يەنە كىم ئادىل تەقسىم قىلار» دېيىش ئارقىلىق چىچىلىپ يۇرمەستىن ئۆزىنى تۇتىۋالغانىدى. ھۇزۇرىغا كەلگەن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ قاتتىق-قوپال سۆز-ھەرىكەتلىرىگىمۇ سەۋر قىلاتتى.

## جەسۇرلىقى

پەيغەمبىرىمىز مەيلى ئۇرۇشتا بولسۇن، ياكى نورمال تۇرمۇشتا بولسۇن ئەڭ جەسۇر ئىنسان ئىدى.① بىر قېتىم مەدىنىدە قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەممىدىن بۇرۇن ئاۋاز ئاڭلانغان جايغا بېرىپ سەۋەبىنى بىلىپ كېلىپ، مەدىنە خەلقىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيى قورشىۋېلىنغاندا،② ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە يوشۇرۇنۇۋالغان غارغا مۇشرىكلار ئىزدەپ كەلگىنىدە،③ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۇبەيد ىبنىي ھالەبنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ئېلىشقىنىدا④ ۋە نۇرغۇنلىغان شىددەتلىك ئۇرۇشلاردا پەقەت قورقۇپ قالمىغان، ئەكسىچە جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ئەسھابىلىرىغا ئۈلگە بولغان.

---

① ئىبنى كەسىرنىڭ «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ناملىق ئەسىرى، بەيرۇت 1990- يىل نەشرى، ئالتىنچى توم، 37- بەت.
② ئىبنى سەئەدنىڭ «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا» ناملىق ئەسىرى، بىرىنجى جىلد، 227~228- بەتلەر.
③ ئىبنى ھەنبەل، بىرىنچى جىلد، 4- بەت.
④ ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەلۋاقىدىينىڭ «كىتابۇل مەغازى» ناملىق ئەسىرى، بەيرۇت 1984- يىل نەشرى، بىرىنجى جىلد 251- بەت.

## ۋاپادارلىقى

پەيغەمبىرىمىز بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىپ كەلگەن، بىرسىگىمۇ خىلاپلىق قىلمىغان. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبىلھەمسەنىڭ تۆۋەندىكى رىۋايىتى يېتەرلىكتۇر. ئابدۇللا پەيغەمبىرىمىز بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئېلىم-بېرىم مۇئامىلىسى قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزگە ئازراق بېرىشى بولۇپ. مەلۇم بىر يەردە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېلىشىدۇ، ئەمما قىلىشقان بۇ ۋەدىنى ئابدۇللاھ ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئېسىگە كېلىپ دېيىشكەن يەرگە بارغاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ يەردە ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.[1]

## مېھرىبانلىقى

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ **(21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)**

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە ئازار بەرگەن، سۇيىقەست قىلغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرگىمۇ ھېچبىر زامان بەددۇئا قىلمىغان.

ئەقەبە كۈنى كۆرگەن ئەزىيەتلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان پەيغەمبىرىمىزگە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ : «ئاللاھتائالا سېنىڭ قەۋمىڭگە دېگەنلىرىڭنى ۋە قەۋمىڭنىڭ ساڭا بەرگەن رەددىيەلىرىنى ئاڭلاپ ساڭا تاغ پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا خالىغىنىڭنى بۇيرۇغىن» دېگەن.... ۋە تاغ پەرىشتىسى: «خالىساڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئىككى تاغنى دۈم كۆمتۈرەي» دەپ ئەمرىگە تەييار بولۇپ تۇرغان، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز قەۋمىگە بەددۇئا قىلماي، پاكى بۇيرۇقى ئاستىدىكى تاغ پەرىشتىسى ئارقىلىق ئۇلارغا

---

① ئىبنى سەئەدنىڭ «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا» ناملىق ئەسىرى، يەتتىنچى جىلد، 59- بەت.

بىرەر جازا بۇيرۇماي ئاللاھتىن پەقەت مۇنداق تىلەكتە بولغان:

[ بَلْ أَرْجُوْ أَنْ يُخْرِجَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ مِنْ أَصْلاَبِهِمْ مَنْ يَّعْبُدُ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ وَحْدَهُ لاَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا ]

«ئاللاھنىڭ، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ئەۋلادلارنى چىقىرىپ بېرىشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن». (بۇخارى)

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بىر تال چىشى سۇنۇپ، يۈزلىرى يارىلانغاندا ساھابىلەر مۇشرىكلار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:

[ إِنِّي لَمْ أُبْعَثْ لَعَّاناً ، وَ لَكِنِّيْ بُعِثْتُ دَاعِياً وَرَحْمَةً ]

«مەن قارغىش ئۈچۈن ئەمەس، دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن». (مۇسلىم)

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ۋە كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى دىنى پرىنسىپ ھالىغا كەلتۈرگەن، پەيغەمبىرىمىز بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ دىنىدىن يىراق قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن:

[ لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يَعْرِفْ حَقّ كَبِيرِنَا، وَيَرْحَمْ صَغِيْرَنَا ]

«چوڭلىرىمىزنىڭ ھەقلىرىنى تونۇماي، ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلەرنى ئىززەتلىمىگەن ئادەم بىزدىن ئەمەس» (تىرمىزى)

[ مَنْ لاَ يَرْحَمْ لاَ يُرْحَمْ ] ①

«مېھرىبان بولمىغان ئادەمگە ئاللاھ مېھرىبان بولمايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان پەيغەمبىرىمىز:

[ لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيْهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ ]

«سىلەردىن قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ»②

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

دېيىش ئارقىلىق ئىمانى كامىللىقنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشكە باغلىغان.

## سەۋرى ـ تاقىتى ۋە ئەپۇچانلىقى

پەيغەمبىرىمىز ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىنى كۆرگەندە سەۋر قىلاتتى ۋە كەچۈرەتتى.[①] ساھابىلىرىگە قىلىنغان قوپال مۇئامىلىلەرگىمۇ سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە ساھابىلەرگە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن ئىبرەتلىك ھېكايىلەر سۆزلەش ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ سەۋرچانلىققا ۋە ئەپۇچانلىققا ئۈندەيتتى.

پەيغەمبىرىمىز بىر ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان بارلىق كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە ھەممىسىگە تاقەت قىلغان؛ تۇغۇلماي تۇرۇپ دادىسى ۋاپات بولغان، ئالتە يېشىدا ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، سەككىز يېشىدا چوڭ دادىسى قازا قىلغان،تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ ھەممە نەرسىسىنى ئۇ يەردە قالدۇرۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، ئاياللىرىدىنمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلەر بولغان. يەتتە بالىسىنىڭ ئالتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. شۇنچىۋالا جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ تۇرۇپمۇ ئۇچرىغان يامانلىقلارغا سەۋر قىلغان. ھەتتا يەكتىكىنى تارتىشتۇرۇپ گەدەنلىرىنى قىزارتىۋەتكەنلەرنىمۇ، ھاياتىغا قەست قىلغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلغان.
(بۇخارى)

## ئىپپىتى

پەيغەمبىرىمىز دۇئالىرىدا ئاللاھتىن ئىپپەتلىك بولۇشنى تىلىگەن بىر ئىپپەتلىك ئىدى. (مۇسلىم)

ئەر ـ ئاياللارنىڭ، قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەر ۋە ناشايان ئىشلاردىن ساقلىنىشىنى سۆزلىگەن پەيغەمبىرىمىز ئۇچۇقچىلىقتا يۈيۈنغان بىر كىشىنىڭ بۇ ئىشىنى يامان كۆرگەن. ئەر ـ ئاياللارنىڭ شەكىل ـ قىياپەتلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىۋېلىشلىرىنى توسقان. (بۇخارى)

① ئىبنى سەئەدنىڭ «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا» ناملىق ئەسىرى، بىرىنچى جىلد، 378ـ بەت.

بۇلاردىن سىرت ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە باشقىچە نەزەردە قاراشلىرىنى توسقان پەيغەمبىرىمىز، سوئال سوراپ كەلگەن بىر ئايالغا ئىبنى ئاbباسنىڭ دىققەت بىلەن قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئىبنى ئابباسنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان. (مۇسلىم)

## هايالىق ئىكەنلىكى

پەيغەمبىرىمىز:

[ إِنَّ لِكُلِّ دِيْنٍ خُلُقًا، وَخُلُقُ الْإِسْلاَمِ الْحَيَاءُ ]

«ھەر بىر دىندا ئەخلاق بار، ئىسلامدىكى ئەخلاق ھايادۇر» دېگەن.[1]

ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنى: «ئۆزىنى ھۇجرىسىدا ساقلىغان قىزدىنمۇ بەكراق ھايالىق ئىدى» دەپ سۈپەتلەشكەن.

ھايا بىلەن ئىماننىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ۋە بىرسى بولمىسا يەنە بىرسىنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّ اللّٰه عَزَّ وَجَلَّ إِذَا أَرَادَ أَنْ يُهْلِكَ عَبْداً نَزَعَ مِنْـهُ الْحَيَـاءَ، فَـإِذَا نَـزَعَ مِنْـهُ الْحَيَاءَ لَمْ تَلْقه إِلاَّ مُقِيْتاً مُمْقِتًا ]

«ئاللاھ بىر كىشىنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ھايانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ھاياسىز قالغان كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا باشلايدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن ئىشەنچمۇ كۆتۈرۈلىدۇ، ئىشەنچسىز كىشى خائىنغا ئايلىنىدۇ، خائىن كىشىدە مېھرى ـ شەپقەت بولمايدۇ، مېھرى ـ شەپقەتسىز كىشى لەنەتگەردىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا قەلبىدىن ئىمان بىراقلا يۇقلىدۇ».

(ئىبنى ماجە)

## ئادىللىقى

پەيغەمبىرىمىز نەزىرىدە ھەممە ئادەم باراۋەر ئىدى. ھەممە ئىشتا ئادىل بولغان پەيغەمبىرىمىز ئادالەتنى ئىجرا قىلىشتا ئارىچىلارنىڭ

---

[1] ئىبنى مالىكنىڭ «مۇۋەتتائ» ناملىق ئەسىرى، كىتابۇل جامىئ، «ماجائە فىل ھايا» دېگەن باب.

سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھامماچىسى ئەررۇبەيئە بىر ئەنسارى دېدەكنىڭ چىشىنى تۇكۇۋەتكەندە، پەيغەمبىرىمىز قىساس ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈپ كەلگەن ۋاستىچىلەرنى رەت قىلىپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدۇرغان. (بۇخارى)

پەيغەمبىرىمىز قۇل ـ دېدەكلەرنى كەمسىتمەستىن ئادالەتنى ياقىلاپ، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدايتتى. مەخزۇم ئايمىقىدىن ئوغرىلىق قىلغان بىر ئايالنىڭ ئىشى قۇرەيش قەبىلىسى كىشىلىرىنى غەمگە سالىدۇ. ئۇلار: «بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇسامە بىن زەيدنى ئەۋەتەيلى» دېيىشىدۇ. ئۇسامە بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبىرىمىزگە گەپ قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئارا تۇرماقچىمۇ سەن؟» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ:

[ إِنَّمَا أَهْلَكَ الَّذينَ قَبْلَكُمْ أَنَّهُمْ كَانُوا إِذَا سَرَقَ فِيْهِمُ الشَّرِيْفُ تَرَكُوهُ وَإِذَا سَرَقَ فِيْهِمُ الضَّعِيْفُ، أَقَامُوْا عَلَيْهِ الحْدَّ، وَايْمُ اللهِ لَوْ أَنَّ فَاطِمَةَ بِنْتَ مُحَمَّدٍ سَرَقَتْ لَقَطَعْتُ يَدَهَا ]

«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ھالاك قىلىندىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالايتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ (ئۆزىنىڭ دېمەكچى) قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم». (مۇسلىم)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقتا بۇيرۇپ يامان ئىش يامان ھەرىكەتلەردىن توسقان نۇرغۇن ھەدىسلىرى بار. يۇقىرىدا پەقەت پەيغەمبىرىمىز ئەخلاقىدىن ئازغىنە ئۈرنەكلەر بېرىلدى . ئاللاھ ھەممىمىزنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈلگە ئېلىپ ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن ئۆزىمىزنى زىننەتلەشكە نېسىپ قىلسۇن!

ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرغۇن سۈننەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن مەشھۇر

ھەدىســـــنى جامـــــائەتلىرىمىزگە يەتكــــۈزۈش بىـــــلەن ســــۆزىمىزنى ئاياغلاشتۇرىمىز:

ھەزرىتـــى ئەلـــى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دېـــگەن: «مەن رەسۇلۇللاھتىن ئۇنىڭ سۈننىتىنى سورىسام، ئۇ زات مۇنداق دېگەن:

[ اَلْمَعْرِفَةُ رَأْسُ مَالِيْ، وَالْعَقْلُ أَصْلُ دِيْنِيْ، وَالْحُبُّ أَسَاسِي، وَالشَّوْقُ مَرْكَبِيْ، وَذِكْرُ اللهِ أَنِيْسِيْ، وَالثِّقَةُ كَنْزِيْ، وَالْحُزْنُ رَفِيْقِيْ، وَالْعِلْمُ سَلاَحِيْ، وَالصَّبْرُ رِدَائِي، وَالرِّضَا غَنِيْمَتِيْ، وَالْعَجْزُ فَخْرِيْ وَالزُّهْدُ حِرْفَتِي، وَالْيَقِيْنُ قُوَّتِيْ، وَالصِّدْقُ شَفِيْعِيْ، وَالطَّاعَةُ حَسْبِيْ، وَالْجِهَادُ خُلْقِيْ، وَقُرَّةُ عَيْنِيْ فِي الصَّلاَةِ وَثَمَرَةُ فُؤَادِى فِي ذِكْرِهِ وَغَمِّى لِأَجْلِ أُمَّتِيْ وَشَوْقِيْ إِلَى رَبِّيْ ]

«مەرىپەت ــــ مېنىڭ دەسمايەم؛ ئەقىل ــــ دىنىمنىڭ نېگىزى؛ ئاللاھنى دوست تۇتۇش ــــ ئاساسىم؛ ئاللاھقا بولغان ئىشتىياقىم ــــ ئۇلغىم (يەنى كۈچ ـ قۇدرىتىم)؛ ئاللاھنىڭ زىكرى ــــ ئۇلپىتىم؛ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىم ــــ خەزىنەم؛ قايغۇ ــــ ھەمرىيىم؛ ئىلىم ــــ قۇرالىم؛ سەۋرى ــــ چاپىنىم؛ ئاللاھنىڭ قىسمىتىگە رازى بولۇش ــــ غەنىيمىتىم؛ ئاجىزلىق ــــ پەخرىم؛ تاماسىزلىق ــــ ھۈنىرىم؛ ئىمان ــــ قۇۋۋىتىم؛ راستچىللىق ــــ شاپائەتچىم؛ تائەت ـ ئىبادەت ــــ مېنى قاندۇرىدىغان نەرسەم؛ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ــــ مېنىڭ ئەخلاقىم؛ ناماز ــــ خۇشاللىقىم؛ ئاللاھنىڭ زىكرى ــــ قەلبىمنىڭ مېۋىسى؛ غېمىم ئۈممىتىمدە؛ ئىشتىياقىم رەببىمگە.»

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْن

# تاھارەت ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِيْنَ وَالصَّلٰوةُ وَالسَّلاَمُ عَلٰى رَسُـوْلِهِ مُحَمَّـدٍ خَاتَمِ الْأَنْبِيَاءِ وَ إِمَامِ الْمُرْسَلِيْنَ وَعَلٰى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْـتُمْ إِلَى الصَّـلَاةِ فَاغْسِـلُوا وُجُـوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا وَإِن كُنتُم مَّرْضَىٰ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَٰكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

**«ئى مۆئمىنلەر (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ)، ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن**

(غۇسۇل تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى،(ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېئمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ». (5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەت)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

«تاھارەت» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى **«طَهُرَ»** دېگەن پېئىلنىڭ سۆز يىلتىزى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «پاكلانماق» دېگەنلىكتۇر. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزغا «تاھارەت» ۋە «تەرەت» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۆزلەشكەن. ئىستىلاھ مەنىسى بولسا بەدەننى پاسكىنا ۋە نىجاسەتلەردىن پاكلاش ھەمدە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە كۆرسىتىلگەن ئەزالارنى يۇيۇش دېگەنلىكتۇر.

تاھارەت ـــ ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلاشتا دەسلەپكى تەييارلىق سۈپىتىدە گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن مۇھىم شەرتتۇر. بولۇپمۇ ناماز ئۆتەش ئۈچۈن چوقۇم تاھارەت ئېلىش كېرەك. ئەگەر تاھارەت بولمىسا، ئۆتىگەن نامازنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. تاھارەت ئېلىش نامازنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن مەقبۇل بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر، بۇ ئاشۇ ناماز ئۆتىمەكچى بولغان كىشىنىڭ مەشغۇل بولۇۋاتقان ئوي ـ پىكىردىن پارىغ بولۇپ، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، تۇغرا نىيەتتە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشىدۇر.

فىقھ ئۆلىمالىرى ئادەتتە فىقھ كىتابلىرىنى تاھارەت بابى بىلەن باشلاپ يازغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى يەنىلا شۇ تاھارەتنىڭ، يەنى پاكلىقنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ : قَـالَ رَسُـوْلُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَ سَـلَّمَ : «مِفْتَاحُ الْجَنَّةِ الصَّلَاةُ وَمِفْتَاحُ الصَّلَاةِ الطُّهُوْرُ» ]

«جەننەتنىڭ ئاچقۇچى نامازدۇر. نامازنىڭ ئاچقۇچى بولسا پاكلىقتۇر».

(ئىمام ئەھمەد)

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاكلىق، يەنى تاھارەت بىلەن نامازنى ۋە ناماز بىلەن جەننەتنى باغلاش ئارقىلىق تاھارەتنىڭ جەننەتكە كىرمەكچى بولغان بىر بەندە ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

بىر بەندىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان شۇ پاكلىق جۇملىسىگە پاكىزلىقمۇ كىرىدۇ. بىزنىڭ شەخسىي تازىلىقىمىز ياخشى بولۇش بىلەن بىللە، بىز ياشاۋاتقان مۇھىتمۇ ياخشى بولۇشى كېرەك. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇنداق دېگەن:

[ اَلطُّهُوْرُ مِنَ الإِيْمَانِ ]

«پاكىزلىق ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر». (بۇخارى)

بۇ ھەدىستە پاكلىق ـــ پاكىزلىقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان روھى بىلەن باغلىغان. مۇسۇلمانلارنى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇغان. ھازىر بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ جەمئىيىتىمىزدىمۇ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا كوچا ـ كوچىلادا، رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا تەشۋىق ـ تەرغىبات قىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرى بويىچە تاھارەت ئالساق ۋە ھويلا ـ ئاراملىرىمىزنى تازىلاپ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرسەك، شەكسىز ھالدا مەدەنىيەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بىر بەندە بولالايمىز.

تۆۋەندە نامازنىڭ تاھارىتى، غۇسلى قىلىش، تەيەممۇم قىلىش ۋە ئىستىنجا قىلىش ھەققىدە توختىلىمىز:

# نامازنىڭ تاھارىتى

1. تاھارەتنىڭ پەرزلىرى:

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ ئورۇنلايدىغان شەرتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوْا وُجُوْهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوْسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قوللۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾. (5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەت)**

بىز بۇ ئايەتتىن تاھارەت ئالغاندا يۈزنى، قولنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە يۇيۇش، باشقا مەسىھ قىلىش ۋە پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن ئوشۇققىچە يۇيۇشتىن ئىبارەت تۆت پەرزنى بىلىۋالىمىز. ئەلۋەتتە بۇ ئايەتتىكى باشقا مەسىھ قىلىشنىڭ مىقدارىغا بولغان چۈشەنچە ئۆلىمالار ئىچىدە ھەر خىلدۇر. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ چۈشەنچىسى بولسا باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسىھ قىلىشتۇر. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھەدىس دەلىلدۇر:

[ عَنِ الْمُغِيْرَةِ بْنِ شُعْبَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: إِنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ تَوَضَّأَ فَمَسَحَ بِنَاصِيَتِهِ ]

**«مۇغىرە بىننى شۇئبەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تاھارەت ئالدى ۋە ماڭلىيىغا مەسىھ قىلدى».**

**(مۇسلىم)**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەقىدە ـ ئەھكاملارنى مۇسۇلمانلارغا بايان قىلىپ تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە سۆزلىگەن سۆزلىرى ھەرگىزمۇ بىز

سۆزلىگەندەك ئىغىزدىن مۇنداقلا چىققان سۆزلەر بولماي، بەلكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە:

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوْحَىٰ﴾

﴿ئۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾ **(53 ـ سۈرە/نەجم 3~4 ـ ئايەتلىرى)** دەپ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ تاھارەت توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئايىتىنى چۈشەندۈرگەن ۋاقىتىدا سۆزلىگەن سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى نامازنىڭ تاھارىتىنىڭ سۈننەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

2. تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى:

1) تاھارەت ئېلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى قولنىڭ بىغىشىغىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇش. تاھارەت ئالغۇچى تاھارەتنى ئېلىشتىن بۇرۇن ھەر خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. ئىشلەش جەريانىدا ھەر خىل ماددىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجەتخانىغا بېرىپ تاھارەت سۇندۇرۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. بولۇپمۇ سەھەردە ياكى باشقا ۋاقىتلاردا ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان چاغدا تاھارەت ئالماقچى بولسا ئۇنىڭ قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇشى تەكىتلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ مَنَامِهِ، فَلَا يُدْخِلْ يَدَهُ فِي الْأِنَاءِ حَتَّى يَغْسِلَهَا ثَلَاثاً، فَإِنَّهُ لَا يَدْرِي أَيْنَ بَاتَتْ يَدُهُ» ]

«ئەگەر سىلەردىن بىراۋ ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغۇچە قاچىغا تىقمىسۇن، ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا قولىنىڭ نەلەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ».

**(بۇخارى)**

2) تاھارەت ئېلىشنى باشلىغاندا «بىسمىللاھ» دەپ باشلاش. تاھارەت بولسا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاش ئەۋزەلدۇر.

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ وَ اِبْنِ مَسْعُوْدٍ وَ اِبْنِ عُمَرَ اَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ: «مَنْ تَوَضَّأَ وَ ذَكَرَ اسْمَ اللهِ فَاِنَّهُ يُطَهِّرُ جَسَدَهُ كُلَّهُ وَ مَنْ تَوَضَّأَ وَ لَمْ يَذْكُرِ اسْمَ اللهِ لَمْ يُطَهِّرْ اِلاَّ مَوَاضِعَ الْوُضُوْءِ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئۆمەرلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى تاھارەت ئالسا ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلسا، ئۇ پۈتكۈل بەدىنىنى پاكلىغان بولىدۇ. كىمكى تاھارەت ئالسا ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلمىسا، ئۇ پەقەت تاھارەتتە يۇيۇشقا تېگىشلىك يەرلەرنىلا پاكلىغان بولىدۇ». (دارۇقۇتنى)

3) چىشنى پاكلاش. ھەر قېتىم تاھارەت ئالغان ۋاقىتتا چىشنى يۇيۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان ھەمدە داۋاملىق قىلغان سۈننەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: «لَوْلَا أَنْ أَشُقَّ عَلَى أُمَّتِي لَأَمَرْتُهُمْ بِالسِّوَاكِ عِنْدَ كُلِّ صَلَاةٍ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن ئۈممىتىمگە مۇشكۈل كېلىپ قالارمىكىن دېمىسەم، ھەر نامازدا مىسۋاك بىلەن چىشنى پاكلاشنى بۇيرۇق قىلاتتىم». (بۇخارى)

4) ئېغىز ۋە بۇرۇننى چايقاش. تاھارەت ئالغاندا ئېغىزنى ۋە بۇرۇننى چايقاش ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنىڭ ئېغىزىدا سېسىق پۇراق پەيدا بولۇپ، يېنىدا تۇرغان كىشىگە يىرگىنچلىك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. ئەگەر نامازدا ناماز ئۆتىگۈچىلەر ئارىسىدا، ئۆزئارا ئاشۇنداق پۇراق تەسىرىدىن يىرگىنىدىغان ئەھۋال

بولسا، ياخشى ئەمەس. يەنە بىرى تىبىبىي جەھەتتىن ئىيتقاندىمۇ ئىغىز بىلەن بۇرۇن بەدەننىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان ئەزالىرى بولۇپ، تاماقلىنىش، باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش ۋە نەپەسلىنىش جەريانىدا ئىغىز ۋە بۇرۇنغا ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن چاڭ-توزان ھەم ھەر خىل مىكروبلار بىۋاسىتە كىرىدۇ. ئەگەر يۇيۇپ تۇرمىسا تەن سالامەتلىكىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم تاھارەت ئالغان چاغدا ئىغىز-بۇرۇننى چايقاشنى سۈننەت قىلىپ بېكىتكەن.

[ عَنْ لُقِيْطِ بْنِ صَبَرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ اَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ: «إِذَا تَوَضَّأْتَ فَمَضْمِضْ» ]

لۇقيىت بىننى سەبرەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن تاھارەت ئالساڭ ئىغىزىڭنى پاكلا». (بەيھەقى)

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا تَوَضَّأَ أَحَدُكُمْ فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ مَاءً ثُمَّ لِيَسْتَنْثِرْ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەردىن بىراۋ تاھارەت ئالسا، ئۇ بۇرنىغا سۇ ئالسۇن، ئاندىن ئۇنى (كۈچەپ سىرتقا) چىقارسۇن». (بۇخارى)

ئىغىز-بۇرۇننى چايقىغاندا ئىغىزغا ئوڭ قول بىلەن سۇ ئېلىش، بۇرۇنغىمۇ ئوڭ قول بىلەن سۇ ئېلىپ سول قول بىلەن سىقىپ چىقىرىش سۈننەتتۇر.

[ وَعَنْ عَلِيٍّ رضي الله عنه أَنَّهُ دَعَا بِوَضُوءٍ فَتَمَضْمَضَ وَاسْتَنْشَقَ وَنَثَرَ بِيَدِهِ الْيُسْرَى ، فَفَعَلَ هَذَا ثَلاثًا ثُمَّ قَالَ: هَذَا طُهُورُ نَبِيِّ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ تاھارەت سۈيى تەلەپ قىلدى. ئىغىز-بۇرنىنى چايقىدى، سول قولى بىلەن بۇرنىنى سىقىپ بۇرنىدىكى سۇنى چىقاردى. ئۇ بۇ ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم

تەكرارلىدى، ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ بولسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارىتىدۇر». (ئىمام ئەھمەد)

5) باشنىڭ ھەممىسىگە ۋە قۇلاققا مەسھە قىلىش.

[ عَنِ الرُّبَيْعِ بِنْتِ مُعَوِّذٍ قَالَتْ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَوَضَّأَ فَمَسَحَ بِرَأْسِهِ وَمَسَحَ مَا أَقْبَلَ مِنْهُ وَمَا أَدْبَرَ وَصُدْغَيْهِ وَأُذُنَيْهِ مَرَّةً وَاحِدَةً ]

رەبىئە بىنتى مۇئەۋۋەزدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغىنىنى كۆرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا ئالدىدىن كەينىگە، كەينىدىن ئالدىغا، ئىككى چېكىسىگە ۋە ئىككى قۇلىقىغا بىر قېتىم مەسھە قىلدى». (ئەبۇ داۋۇد)

[ عَنِ الْمِقْدَامِ ابْنِ مَعْدِيْكَرِبَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ رَسُوْلَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَسَحَ فِي وُضُوْئِهِ رَأْسَهُ وَ أُذُنَيْهِ ظَاهِرَهُمَا وَ بَاطِنَهُمَا وَ أَدْخَلَ إِصْبَعَيْهِ فِي صَمَاخَيْ أُذُنَيْهِ ]

مىقدام ئىبنى مەدىيكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارىتىدە بېشىغا ۋە ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مەسھە قىلدى. ئۇ ئىككى بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزدى. (ئەبۇ داۋۇد)

6) بارماقلارغا خىلال قىلىش (بارماقلار ئارىسىنى ھۆل قىلىش).

تاھارەت ئالغان ۋاقىتىمىزدا بەزى چاغدا تېز ئالىدىغان بولغاچقا، بارماق ئارىلىرى قۇرۇق قېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا بارماق ئارىلىقلىرىغا كىر يىغىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بارماق ئارىلىقلىرىنى ھۆللەش سۈننەت قىلىپ بېكىتىلگەن:

[ عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ: «إِذَا تَوَضَّأْتَ خَلِّلْ أَصَابِعَ يَدَيْكَ وَ رِجْلَيْكَ» ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن تاھارەت ئالساڭ ئىككى قولۇڭنىڭ ۋە

ئىككى پۇتۇڭنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا خىلال قىلغىن». (تىرمىزى)

7) ھەر بىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن تەكرار يۇيۇش.

[ عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ رَضِىَ اللَّهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَوَضَّأَ ثَلاَثًا ثَلاَثًا ]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئەزاسىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالدى. (بەيھەقى)

[ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ قَالَ : جَاءَ أَعْرَابِيٌّ إِلَى رَسُوْلِ اللَّهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَسْأَلُهُ عَنْ الْوُضُوْءِ فَأَرَاهُ ثَلاثًا ثَلاثًا، وَقَالَ: «هَذَا الْوُضُوْءُ، فَمَنْ زَادَ عَلَى هَذَا فَقَدْ أَسَاءَ وَتَعَدَّى وَظَلَمَ » ]

ئەمرۇ بىننى شۇئەيب دادىسىدىن، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن تاھارەت توغرىسىدا سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەزالىرىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ بولسا تاھارەت، ئەگەر كىمكى ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسا ئۇ ئاللىقاچان ئاسىيلىق قىلغان، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ۋە ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ». (نىسائى)

8) ساقالغا خىلال قىلىش (ساقالنى ھۆل قولى بىلەن تاراش).

[ عَنْ عُثْمَانَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُخَلِّلُ لِحْيَتَهُ ]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساقىلىغا خىلال قىلاتتى. (ئىبنى ماجە)

[ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ : أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا تَوَضَّأَ أَخَذَ كَفًّا مِنْ مَاءٍ فَأَدْخَلَهُ تَحْتَ حَنَكِهِ ، فَخَلَّلَ بِهِ لِحْيَتَهُ وَقَالَ : «هَكَذَا أَمَرَنِي رَبِّي عَزَّ وَجَلَّ» ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە

مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر تاھارەت ئالسا بىر ئوچۇم سۇنى ئېلىپ ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ساقىلىغا خىلال قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ماڭا مۇشۇنداق بۇيرۇدى».
(تىرمىزى)

3. تاھارەتنىڭ مۇستەھەپلىرى:

مۇستەھەپ ئەرەب تىلىدىكى «اِسْتَحَبَّ» دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى بولسا ياخشى ئەمەللەر قاتارىدا سانىلىدىغان، ئەگەر قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا يامان بولمايدىغان ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ.

1) نىيەت قىلىش: تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن بەدىنىدىكى پاسكىنا نىجاسەتلەرنى يۇيۇپ پاكلىنىشنى نىيەت قىلىشتۇر. چۈنكى، تاھارەت ئېلىش بولسا نامازنىڭ مەقبۇل بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. ناماز بولسا دىنىي ئەمەلدۇر. بىزنىڭ دىنىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئەمەل توغرا، ساپ نىيەت بىلەن باشلىنىشى كېرەك.

[ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِىَ اللّٰه عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰه عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَّا نَوٰى» ]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەمەللەر جەزمەن نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەربىر كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسە مەنسۇپتۇر». (بۇخارى)

مانا بۇ ھەدىستىن ئىسلام دىنىدىكى ھەرقانداق ئىبادەت ئۈچۈن نىيەت قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

2) ئەزالارنى تەرتىپ بويىچە يۇيۇش. بولۇپمۇ قۇرئاندا زىكىر قىلىنغىنى بويىچە ئاۋۋال قولنى، ئاندىن يۈزنى يۇيۇپ، ئاندىن باشقا مەسىھ قىلىش، ئاخىردا پۇتىنى يۇيۇشتىكى تەرتىپ مۇستەھەپتۇر.

3) تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى يۇيۇشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللّٰه عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللّٰه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ:

«إِذَا لَبِسْتُمْ، وَإِذَا تَوَضَّأْتُمْ فَابْدَءُوْا بِأَيَامِنِكُمْ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر كىيىم كىيسەڭلار، ئەگەر سىلەر تاھارەت ئالساڭلار ئوڭ تەرىپىڭلار بىلەن باشلاڭلار». (ئەھمەد)

4) تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى يۇيۇشنى ئۈزۈپ قويماسلىق. تاھارەت ئېلىۋېتىپ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ تاھارەت ئېلىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق لازىم.

بۇنى ھەرقايسى مەزھەپلەردىكى ئۆلىمالار ئىنكار قىلمىغان، بەلكى ئۇلار تەرتىپ بويىچە ئۈزۈلدۈرمەي تاھارەت ئېلىشقا رىئايە قىلغان ھەمدە باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان.

5) گەدەنگە مەسھە قىلىش. باشقا ۋە قۇلاققا مەسھە قىلغاندا كەينىگە ئۇلاپلا گەدەنگە مەسھە قىلىش كېرەك.

## تاھارەتنىڭ سۇنۇشى

ئەگەر ئەر ياكى ئايال تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ تاھارىتى سۇنىدۇ. ئەگەر ئۇ ناماز ئۆتىمەكچى بولسا، قايتىدىن تاھارەت ئېلىشى كېرەك.

1) ھاجەتخانىغا بېرىپ ھاجىتىدىن چىقىش.

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَإِنْ كُنْتُم مَّرْضَىٰ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِّنْكُمْ مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوْا مَاءً فَتَيَمَّمُوْا صَعِيْدًا طَيِّبًا﴾

﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار﴾. (5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەت)

2) ئارقا يېشابىتىن ئاۋازلىق ياكى ئاۋازسىز يەل چىقىش.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّه صلى الله عليه وسلم:

«إِذَا وَجَدَ أَحَدُكُمْ فِي بَطْنِهِ شَيْئاً فَأَشْكَلَ عَلَيْهِ، أَخَرَجَ مِنْهُ شَيْءٌ أَمْ لاَ، فَلاَ يَخْرُجَنَّ مِنَ الْمَسْجِدِ حَتَّى يَسْمَعَ صَوْتاً أَوْ يَجِدَ رِيْحاً» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەردىن بىراۋ قورسىقىدا (يەلدەك) بىر نەرسىنى سەزسە، ئاندىن ئارقا پېشابتىن بىر نەرسىنىڭ چىققان ياكى چىقمىغانلىقىغا گۇمانلىنىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇ كىشى بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىمىغۇچە، ياكى بىرەر پۇراقنى سەزمىگۈچە مەسجىدتىن چىقمىسۇن». (مۇسلىم)

2) ئالدى پېشابتىن سۈيدۈك، مەزى ياكى مەدىي (سۈيۈلۈپ قالغان مەنىي) كەلسە تاھارەت سۇنىدۇ.

[ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ قَالَ سَمِعْتُ ابْنَ عَبَّاسٍ يَقُولُ : الْمَنِيُّ وَالْمَذْىُ وَالْوَدْىُ ، أَمَّا الْمَنِيُّ فَهُوَ الَّذِى مِنْهُ الْغُسْلُ ، وَأَمَّا الْوَدْىُ وَالْمَذْىُ فَقَالَ: اغْسِلْ ذَكَرَكَ أَوْ مَذَاكِيْرَكَ وَتَوَضَّأْ وُضُوءَكَ لِلصَّلاَةِ ]

ئابدۇراخماننىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ ئالدى جىنسى ئەزادىن كېلىدىغان مەنىي، مەزى، ۋەدىي توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەنىيدە غۇسلى قىلىش لازىم، ئەمما ۋەدىي ياكى مەزىدە بولسا سەن زەكىرىڭنى، ياكى زەكەر ئەتراپىنى يۇغىن، ناماز ئۈچۈن تاھارىتىڭنى ئالغىن.

4) بەدەننىڭ قايسى ئەزاسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرەر ئەزادىن قان، يىرىڭ ۋە قان ئارىلاش يىرىڭ چىقسا تاھارەت سۇنىدۇ.

5) بىر نۆۋەتتە ئېغىز تولغۇچە قەي قىلىش.

6) يېتىپ ئۇخلاش.

[ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنه أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ:

«إِنَّ الْوُضُوءَ إِنَّمَا يَجِبُ عَلَى مَنْ نَامَ مُضْطَجِعًا ، فَإِنَّهُ إِذَا اضْطَجَعَ اسْتَرْخَتْ مَفَاصِلُهُ» ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «يېتىپ ئۇخلىغۇچى ئۇچۇن تاھارەت ئېلىش پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ يېتىپ ئۇخلىسا ئۇنىڭ بارلىق ئۇگىلىرى بوشىشىپ كېتىدۇ». (تىرمىزى)

7) بىر نەرسىگە تايىنىپ ياكى يۆلىنىپ ئۇخلىسا، ئەگەر تايانغان ياكى يۆلەنگەن نەرسىنى ئېلىۋەتسە ئۇخلاۋاتقان كىشى يىقىلىپ چۈشسە تاھارىتى سۇنىدۇ.

8) ھوشىدىن كەتسە.

9) ئەقلىدىن ئازسا.

10) بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ نامازدا قاقاقلاپ كۈلۈشى نامازنىمۇ بۇزىدۇ، تاھارەتنىمۇ سۇندۇرىدۇ.

[ قَوْلُهُ عَلَيْهِ الصَّلَاةُ وَالسَّلَامُ: «أَلَا مَنْ ضَحِكَ مِنْكُمْ قَهْقَهَةً فَلْيُعِدِ الْوُضُوْءَ وَالصَّلَاةَ جَمِيْعًا» ]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمكى قاقاقلاپ كۈلسە، ئۇ تاھارەتنى ۋە نامازنى قايتىلىسۇن».

## غۇسلى قىلىش

«غۇسۇل» ئەسلىي ئەرەب تىلىدىكى «غَسَلَ» دېگەن پېئىلنىڭ سۆز يىلتىزى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «يۇيۇش، پاكىزلاش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىستىلاھ مەنىسى بولسا بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى پاكىز سۇ بىلەن يۇيۇش دېگەنلىكتۇر.

1. غۇسلى قىلىش زۆرۈر بولغان ئەھۋاللار:

1) ئېھتىلام بولغان ئەر ياكى ئايال.

[ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ: سُئِلَ النَّبِيُّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ الرَّجُلِ يَجِدُ الْبَلَلَ وَلا يَذْكُرُ الاحْتِلامَ قَالَ: «يَغْتَسِلُ» وَعَنِ الرَّجُلِ يَرَى أَنَّهُ قَدِ

احْتَلَمَ وَلا يَجِدُ بَلَلاً قَالَ: «لاَ غُسْلَ عَلَيْهِ» ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ئەر كىشىنىڭ كېيىمىدە ھۆللۈكنى كۆرگەن، بىراق ئۇ چۈشىدە ئېھتىلام بولغانلىقىنى يادىغا ئالالمىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: «ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ» دېدى ۋە بىر كىشىنىڭ كېيىمىدە ھۆللۈك يوق، بىراق ئۇ چۈشىدە ئېھتىلام بولغانلىقى يادىغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: «ئۇنىڭغا غۇسلى ۋاجىپ بولمايدۇ» دېدى. (تىرمىزى)

2) ئەر-ئايالنىڭ جىنسى ئەزاسى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، مەنىي چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

3) ئەر ياكى ئايالدىن مەنىينىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن كىشى جۇنۇپ بولىدۇ. جۇنۇپ بولغان كىشى غۇسلى قىلىشى كېرەك.

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوْا﴾

﴿ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (غۇسلى قىلىڭلار)﴾

(5 - سۈرە/مائىدە 6 - ئايەت)

4) ئاياللارنىڭ ئادەت كېلىشى (ھەيز كۆرۈشى) توختىسا غۇسلى قىلىپ پاكلىنىشى لازىم.

[ عَنْ عَائِشَةَ أَنَّ فَاطِمَةَ بِنْتَ أَبِي حُبَيْشٍ سَأَلَتِ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ إِنِّي أُسْتَحَاضُ فَلَا أَطْهُرُ أَفَأَدَعُ الصَّلَاةَ فَقَالَ: «لَا إِنَّ ذَلِكَ عِرْقٌ وَلَكِنْ دَعِي الصَّلَاةَ قَدْرَ الْأَيَّامِ الَّتِي كُنْتِ تَحِيْضِيْنَ فِيهَا ثُمَّ اغْتَسِلِي وَصَلِّي» ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئەبى ھۇبەيشنىڭ قىزى فاتىمە ئۆزىنىڭ دائىم كېسەل بولۇپ پاكلانمايدىغانلىقى، شۇنداق بولغاچقا نامازنى ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: «نامازنى تەرك ئەتمەيسىز،

لېكىن سىز ئادەت كەلگەن كۈنلەر مىقدارىدا نامازنى ئۆتىمەڭ، ئاندىن (ئادەت توختىغاندا) غۇسلى قىلىڭ ۋە ناماز ئۆتەڭ» دېگەن. (بۇخارى)

5) نىفاس توختىغان ئايال غۇسۇل قىلىشى لازىم. نىفاس بىلەن ئايالللارنىڭ كۆرگەن ھەيزى ئوخشاش بولۇپ، تۇغقۇچى ئايال تۇغقان ۋاقىتتا قان كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن، غۇسلى قىلىشى لازىم.

6) ئۆلۈم. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولسا، غۇسلى قىلىنىدۇ. ئاندىن نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، دەپنە قىلىنىدۇ.

2. غۇسلىنىڭ پەرزلىرى:

1) ئېغىزغا ھەلقۇمغا بارغۇچىلىك سۇ توشقۇزۇپ غەر-غەر قىلىش.

2) بۇرۇنغا دىماغقا بارغۇچىلىك سۇ توشقۇزۇپ كۈچەپ سىرتقا چىقىرىش.

3) بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي يۇيۇش.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «تَحْتَ كُلِّ شَعْرَةٍ جَنَابَةٌ، فَاغْسِلُوْا الشَّعْرَ، وَأَنْقُوْا الْبَشَرَةَ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەربىر تال چاچ ئاستىدا جۇنۇبەتلىك بار. سىلەر چاچلىرىڭلارنى يۇيۇڭلار، تېرەڭلارنى پاكلاڭلار». (ئەبۇ داۋۇد)

3. غۇسلى قىلىشنىڭ ئۇسۇلى:

غۇسلى قىلغۇچى غۇسلى قىلىشتا ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى يۇيۇش بىلەن باشلايدۇ، ئاندىن ئىستىنجا قىلىدۇ، يەنى ئالدى ۋە ئارقا پېشابلارنى پاكىز يۇيىدۇ. ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا ۋە بەدىنىگە ئۈچ قېتىم سۇ تۆكىدۇ. قۇلاقنىڭ ئىچى، قولتۇق، كىندىك، كۆزنىڭ چانىقى ۋە باشقا بىۋاسىتە سۇ بارالمايدىغان جايلارنى قول بىلەن ھۆللەپ يۇيىدۇ.

ئەگەر غۇسۇل قىلغۇچى سۇ توختىمايدىغان تاختاي، تاش ئۈستىدە

تورۇپ غۇسۇل قىلسا، غۇسلىدىن بۇرۇن تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇيىدۇ. ئەگەر سۇ يىغىلىپ قالىدىغان جايدا غۇسۇل قىلسا، پۇتكۇل بەدەننى يۇيۇپ بولۇپ شۇ غۇسۇل قىلغان جايدىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ ئاندىن پۇتىنى يۇيىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشىنىڭ چېچى كۆپ ھەم ئۇزۇن بولۇپ ئۇنى ئۆرۈۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆرۈۋالغان چېچىنى يېشىۋەتمەي، سۇنى بىۋاستە چاچنىڭ تۈۋىگە يەتكۈزسە كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ چېچى شالاڭ ھەم ئۆرۈمىگە بولسا ئۇ چوقۇم چېچىنى يۇيۇشى ھەمدە سۇنى چېچىنىڭ تۈۋىگە يەتكۈزۈشى لازىم. ئەر كىشىمۇ چوقۇم پۇتكۇل چېچىنى يۇيۇشى ۋە سۇنى چاچ تۈۋىگە يەتكۈزۈشى لازىم.

## تەيەممۇم قىلىش توغرىسىدا

«تەيەممۇم» ئەرەب تىلىدىكى «تَيَمَّمَ» دېگەن پېئىلنىڭ مەسدىرى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى ئىرادە قىلىش، مەقسەت قىلىش دېگەندىن ئىبارەت. ئىستىلاھ مەنىسى تۇپراقنى ۋە يەر جىنسىدىن بولغان ماددىنى ئىشلىتىپ پاكلىنىشنى ئىرادە قىلىپ بەدەندىكى پاسكىنىلىقنى يوقىتىشتۇر.

قَوْلُهُ تَعَالَي: ﴿فَلَمْ تَجِدُوْا مَاءً فَتَيَمَّمُوْا صَعِيْدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوْا بِوُجُوْهِكُمْ وَأَيْدِيْكُمْ مِّنْهُ﴾

﴿ئەگەر (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار﴾.

(5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەت)

[ وَعَنْ أَبِي أُمَامَةَ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : «جُعِلَتِ الْأَرْضُ كُلُّهَا لِيْ وَلِأُمَّتِيْ مَسْجِدًا وَطَهُوْرًا ، فَأَيْنَمَا أَدْرَكَتْ رَجُلًا مِنْ أُمَّتِيَ الصَّلَاةُ فَعِنْدَهُ مَسْجِدُهُ وَعِنْدَهُ طَهُوْرُهُ» ]

ئەبۇ ئەمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق

دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا ۋە مېنىڭ ئۇممىتىمگە يەرنىڭ ھەممىسى مەسجىد ۋە نامازنىڭ پاكلىغۇچىسى قىلىندى. مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر كىشىگە قەيەردە ناماز ۋاقتى بولسا، شۇنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيدىغان جاي ۋە پاكلىنىدىغان نەرسىسى بولىدۇ». (ئەھمەد)

1. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

1) سۇ تاپالمىغاندا، سەپەر ئۈستىدە ياكى يۇرتىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، سۇ بار يەر بىلەن ئۇ تۇرغان يەرنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ئۇ تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

[ عَنْ أَبِي ذَرٍّ قَالَ : قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ الصَّعِيْدَ الطَّيِّبَ وَضُوْءُ الْمُسْلِمِ ، وَإِنْ لَمْ يَجِدِ الْمَاءَ عَشْرَ سِنِينَ» ]

ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۇپراق ئون يىل سۇ تاپالمىغان كىشى ئۈچۈنمۇ پاكلىغۇچىدۇر». (ئەھمەد)

2) سۇ بار بولۇپ ئەگەر ئىشلەتسە زىيان يەتكۈزسە ياكى سۇ بەك سوغۇق بولۇپ ئەگەر ئۇنى ئىشلەتسە ئوخشاشلا زىيان قىلسا، تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىدە، ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: قاتتىق سوغۇق بىر كېچىسى ئىھتىلام بولۇپ قالدىم. ئەگەر غۇسۇل قىلسام، ھالاك بولۇپ كېتىشىمدىن قورقتۇم، شۇڭا تەيەممۇم قىلدىم، ئاندىن ھەمراھلىرىمغا بامدات نامىزىدا ئىمام بولۇپ بەردىم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئۇلار بۇ ئىشنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتتى، ئۇ:

[ فَقَالَ : «يَا عَمْرُو صَلَّيْتَ بِأَصْحَابِكَ وَأَنْتَ جُنُبٌ؟» ]

ئۇ: «ئى ئەمرۇ، سەن جۇنۇپ تۇرۇپ ھەمراھلىرىڭغا ئىمام بولدۇڭمۇ؟» دېدى. مەن: «ئاللاھ تائالانىڭ

﴿ وَلاَ تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا ﴾

﴿سلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 29 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە تەيەممۇم قىلىپ ئاندىن ناماز ئۆتىدىم» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كۈلۈپ قويۇپ ھېچقانداق بىرنەرسە دېمىدى.

2. تەيەممۇم قىلىشنىڭ ئۇسۇلى:

تەيەممۇم قىلماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن تەيەممۇم قىلىپ پاكلىنىپ ئىبادەت قىلىشقا نىيەت قىلىدۇ، ئاندىن ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىنى بەش بارمىقى بىلەن قوشۇپ يەرگە يېنىك ئۇرىدۇ. شۇ يەرگە يېنىك ئۇرۇلغان قولىنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن يۈزىگە مەسىھ قىلىدۇ. قولى سۈركەلگەن يەردە بىرەر تال چاچ مىقدارىدىكى يەرگە مەسىھ قىلىنماي قالماسلىقى لازىم. شۇ ئىككى قولىنى يەنە بىر قېتىم يەرگە يېنىك ئۇرىدۇ، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە سول قولى بىلەن مەسىھ قىلىدۇ. ئاندىن سول قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە ئوڭ قولى بىلەن مەسىھ قىلىدۇ.

تەيەممۇم قىلغۇچى پاك تۇپراق ۋە يەر جىنسىدىن بولغان قۇم، ھاك ۋە كۆمۈر قاتارلىقلار بىلەن تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

تەيەممۇم قىلغان كىشى پەرز ۋە نەپلە نامازلارنى ئۆتىسە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى تۇتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن سۇ تاپالىسا، قايتىلىمايدۇ. ئەگەر ناماز ئۆتەۋېتىپ سۇنى ئىشلىتىشكە قۇدرىتى يەتسە، ئۇ تاھارەت ئالىدۇ ۋە ناماز ئۆتەيدۇ.

سۇنىڭ تېپىلىشى ياكى ئىشلىتىشكە قادىر بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ نامازنىڭ ۋاقتىدا شۇ نامازنى كېچىكتۈرۈش مۇستەھەپتۇر.

تاھارەتنى ۋە غۇسلىنى سۇندۇرىدىغان بارلىق سەۋەبلەر ۋە سۇنىڭ بايقىلىشى تەيەممۇمنى سۇندۇرىدۇ.

# ئىستىنجا قىلىش

«ئىستىنجا» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى خالاس قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھ مەنىسى بولسا ئالدى ۋە كەينى پېشابلارنى نىجاسەتتىن تازىلاپ پاكىزلاشتۇر.

ئىستىنجا قىلىشقا ئوخشىمىغان ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان ھۆكۈملەر بېرىلىدۇ.

1) جۇنۇپ بولغاندا، ھەيز كۆرگەندە ۋە نىفاسدار ھالىتىدە، سۇ بىلەن يۇيۇش ۋاجىپتۇر. چۈنكى يۇيۇۋەتمىگەندە نىجاسەتلەر بەدەننىڭ باشقا يېرىگە تاراپ كېتىشى مۇمكىن.

2) ئەگەر نىجاسەت ئالدى ۋە كەينى پېشاب ئەتراپىغا كۆپ ياكى ئاز تاراپ كەتسە سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش ۋاجىپ.

3) ئەگەر نىجاسەت ئالدى ۋە كەينى پېشاب ئەتراپىغا تارالمىغان بولسا سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش سۈننەت.

4) ئەگەر كىچىك تەرەت قىلغان، لېكىن كەينى پېشابتىن بىرنەرسە كەلمىگەن بولسا، پەقەت ئالدى پېشابنى يۇيۇش سۈننەت.

ئىستىنجا قىلغۇچى قەغەز، تاش، چالما ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان نەرسىنى ئىشلىتىشى جائىزدۇر.

ئىستىنجا قىلغاندا تاق سان بىلەن ئىستىنجا قىلىش ئەۋزەل. ئىستىنجا قىلغاندا ئوڭ قولى ئارقىلىق ئىستىنجا قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇستىخان، تېزەك، يېمەكلىكلەر ۋە ھۆرمەت قىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بولمايدۇ.

قىبلىگە يۈزلىنىپ ياكى كەينىنى قىلىپ ئىستىنجا قىلىش مەكرۇھتۇر.

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْن

# ناماز ھەققىدە

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ أَمَرَ بِإِتْيَانِ الصَّلاَةِ مُقَوَّمَةً مُعَدَّلَةً مِنْ غَيْرِ نَقْصٍ وَلاَ اِعْوِجَاجٍ، وَالصَّلٰوةُ وَالسَّلاَمُ عَلٰى رَسُوْلِهِ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْقَائِلِ: «صَلُّوْا كَمَا رَأَيْتُمُوْنِىْ أُصَلِّىْ» وَعَلٰى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ الَّذِيْنَ كَانُوْا فِى صَلاَتِهِمْ خَاشِعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەممىمىزگە مەلۇم، ناماز دېگەن ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان كاتتا ئىبادەتتۇر. بىز بۇ ئىبادەتنىڭ شەكلىنى ئۆز مەيلىمىزچە شەكىللەندۈرۈپ تۈرگۈزالمايمىز، بەلكى بۇ ئىبادەت شەكلى ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن مەخسۇس بىر ئۇسۇل بىلەن ناماز دەپ ئاتالغان ھەم مۇشۇ ئۇسۇلدا ئوقۇشىمىزغا بۇيرۇلغان. بىز نامازنى ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئەسلىدە كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر بىلەن ئادا قىلىمىز دەيدىغان بولساق، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنىڭ ئۇسۇلىنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُوْلِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾

﴿سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾، (33 ـ سۈرە/ئەھزاب 21 ـ ئايەت)

﴿أَطِيْعُوْا اللَّهَ وَأَطِيْعُوْا الرَّسُوْلَ﴾

﴿ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 32 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتلىرى بىزنىڭ ئۈگىنىش ئۈلگىمىزنى ۋە ئىتائەت قىلىش نىشانىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئاۋۋال قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى نىيەت قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن هالدا تەكبىر ئېيتىپ، ئىككى باش بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ باراۋىرىدە قىلاتتى ۋە قولىنى كۆتۈرگەن چاغدا بارماقلىرىنى تولۇق ئېچىۋەتمەي ۋە چىڭ يۇمۇۋالماي، نورمال ئېچىپ، ئالىقان يۈزىنى قىبلە تەرەپكە توغرىلايتتى، ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى ۋە چىمچىلىقى بىلەن سول قولىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ تۇراتتى. بىز بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە نەزەر سالايلى:

[ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِىَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَّا نَوى» ]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەمەللەر جەزمەن نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەربىر كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسە مەنسۇپتۇر».

(بۇخارى)

نامازنى باشلايدىغان چاغدا تەكبىر ئېيتىپ باشلاش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق

دىگەنلىكىنى ئىپتقان:

[ عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ رَفَعَهُ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ: «مِفْتَاحُ الصَّلاَةِ الطُّهُوْرُ، وَتَحْرِيْمُهَا التَّكْبِيْرُ، وَتَحْلِيْلُهَا التَّسْلِيْمُ» ]

«نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر، نامازنىڭ باشلىنىشى تەكبىردۇر، نامازنىڭ ئاخىرلىششى سالام بېرىشتۇر». (تىرمىزى)

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، نامازغا كىرىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن بارلىقنى نامازغا بېغىشلاش تەلەپ قىلىنغان.

ئىككى قولنى قۇلاقنىڭ يۇمشىقى باراۋىرىدە كۆتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ وَائِلِ بْنِ حجر أَنَّهُ رَأَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ رَفَعَ يَدَيْهِ حِيْنَ دَخَلَ فِي الصَّلَاةِ وَكَبَّرَ ]

ۋائىل ئىبنى ھۆجىرىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا تۇرغان چاغدا قول كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتقانلىقىنى كۆردۇم» دېگەن، (ھەم ئۇ قولنى قۇلاقنىڭ يۇمشىقى باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى قول كۆتۈرگەن تۇرقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن).

(نەيلۇل ئەۋتار)

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ : أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا كَبَّرَ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتَّى يُحَاذِيَ بِهِمَا أُذُنَيْهِ ]

«پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتقاندا قولنى قۇلىقى بىلەن تەڭ كۆتۈرەتتى». يەنە بىر رىۋايەتتە «قۇلىقىنىڭ باراۋىرىگىچە كۆتۈرەتتى» دېيىلگەن. («ئاسارۇس سۈنەنى» بىرىنچى توم 163 ـ

بېتى ۋە «مۇۋەتتا» بىرىنچى قىسىم 168 ـ بېتى)
يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنىڭ روھى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەر كىم نامازغا تۇرغاندا قولنى قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىش بىلەن نامازنى باشلىشى سۈننەتكە مۇۋاپىق. قول كۆتۈرگەن چاغدا بارماقلارنىڭ قايسى ھالەتتە تۇرۇشى توۋەندىكى ھەدىستە ئېنىق كۆرسىتىلگەن:

[ عَنْ سَعِيْدِ بْنِ سَمْعَانَ قَالَ: دَخَلَ عَلَيْنَا أَبُوْ هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ فِي مَسْجِدِ بَنِي زُرَيْقٍ فَقَالَ: ثَلَاثٌ كَانَ رَسُوْلُ اللهِ يَعْمَلُ بِهِنَّ تَرَكَهُنَّ النَّاسُ كَانَ اِذَا قَامَ اِلَى الصَّلَاةِ قَالَ هَكَذَا... ]

سەئىد ئىبنى سەمئان مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەنى زۇرەيق مەسجىدكە كىرىپ بىزگە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىدىغان ئۈچ ئىش بار بولۇپ، ئۇ ئىشلارنى كىشىلەر تاشلاپ قويدى، بۇ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرسا، مۇشۇنداق (قولنى كۆتۈرۈپ، بارماقلىرىنى نورمال قىلغان ھالدا) قىلاتتى» (بۇ ھەدىسنىڭ راۋىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ئامىر قولنى كۆتۈرۈپ، بارماقلىرىنى ئالاھىدە ئاچماستىن ۋە قاتتىق يۇمۇۋالماستىن، نورمال قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى). («مۇستەدرەك» 1 ـ قىسىم، 234~235 ـ بەتلىرى)

[ عَنْ اَبِى هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ اَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللّهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ كَانَ يَنْشُرُ اَصَابِعَهُ فِي الصَّلَاةِ نَشْرًا ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۈبھىسىزكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نامازغا قول كۆتۈرگەندە، بارماقلىرىنى نورمال ئېچىپ تۇراتتى» دېگەن.

مانا بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بىزگە ناماز باشلاش ئۈچۈن قول كۆتۈرگەن ۋاقتىمىزدا بارماقلىرىمىزنى قانداق تۇتۇش سۈننەتكە لايىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك قول كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن سانا ئوقۇشتىن بۇرۇن ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ

ئۈستىگە، كىندىكىمىزنىڭ ئاستىدا قويۇشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، تىبرانى بىلەن بەيھەقى ئايرىم-ئايرىم ھالدا رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىس بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

[ عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا ، قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّا مَعْشَرُ الأَنْبِيَاءِ أُمِرْنَا أَنْ نُعَجِّلَ إِفْطَارَنَا ، وَأَنْ نُؤَخِّرَ سُحُورَنَا ، وَأَنْ نَضَعَ أَيْمَانَنَا عَلَى شَمَائِلِنَا فِي الصَّلاةِ» ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر ئىپتارنى بالدۇرراق قىلىشقا، سوھۇرلۇقنى كېچىكىپرەك يېيىشكە، نامازدا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇلدۇق».

[ عَنِ الْحَجَّاجِ بْنِ حَسَّان قَالَ: سَمِعْتُ اَبَا مُجْلِزٍ اَوْسَاَلْتُهُ قُلْتُ: كَيْفَ يَضَعُ؟ قَالَ: يَضَعُ بَاطِنَ كَفِّ يَمِيْنِهِ عَلَى ظَاهِرِ شِمَالِهِ وَ يَجْعَلُهُمَا اَسْفَلَ السُّرَّةِ ]

ھەججاج ئىبنى ھەسسان مەن ئابا مۇجلىزدىن: «قولىمىزنى قانداق قويىمىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئوڭ قولىمىزنىڭ ئالقىنى بىلەن سول قولىمىزنىڭ دۈمبىسىنى تۇتۇپ، كىندىكىمىزنىڭ ئاستىدىراق قويىمىز» دەپ جاۋاب بەردى، دېگەنىدى.

«ئاساروس سۇنەنى» دېگەن كىتابنىڭ 1- قىسىم 71- بېتىدە ئىبراھىم نەخەئى: «نامازدا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا قويىمىز» دەپ بايان قىلغان.

بۇ دەلىل-ئىسپاتلار شۇنى بىلدۈرىدۇكى، نامازدا تۇرغاندا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا قويۇشىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئەگەر بىز بۇ مەسىلىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ دەلىل ئىزدەشكە موھتاج بولساق:

[ عَنْ أَبِي جُحَيْفَةَ أَنَّ عَلِيًّا رَضِىَ الله عَنْهُ قَالَ السُّنَّةُ وَضْعُ الْكَفِّ عَلَى الْكَفِّ فِي الصَّلاَةِ تَحْتَ السُّرَّةِ ]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۈبھىسىزكى، نامازدىكى سۈننەت قولنى قولنىڭ ئۈستىدە، كىندىكنىڭ ئاستىدا قويۇشتىن ئىبارەت» دېگەنىدى. (ئەبۇ داۋۇد)

[ عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَائِلِ بْنِ حجر عَنْ اَبِيْهِ رَضِىَ الله عَنْهُ قَالَ: رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَضَعَ يَمِيْنَهُ عَلٰى شِمَالِهِ فِي الصَّلَاةِ تَحْتَ السُّرَّةِ ]

ئەلقەمە ئىبنى ۋائىل ئىبنى ھەجەر دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا قويغىنىنى كۆردۈم».

مانا مۇشۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ «بىز پەيغەمبەرلەر ئىپتارنى بالدۇرراق قىلىشقا، سوھۇرلۇقنى كېچىكىپرەك يېيىشكە، نامازدا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇلدۇق» دېگەن سۆزىگە ئۆز ئەمەلىيەتلىرى بىلەن چۈشەنچە بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز باشلىغاندا تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىنلا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا قويۇپ بولۇپ ئاندىن سانا ئوقۇيتتى. ئاندىن كېيىن «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەيتتى.

پەيغەمبىرىمىز يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى مەخپىي دەيتتى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزدىن ئايرىم چاغلاردا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالاتتى، بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ناماز باشلىغاندا ئوقۇلىدىغان سانانى (يەنى سۇبھانەكەللاھۇممە . . . نى) ئۆگىتىپ قوياتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سانانى ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى» دېگەنىدى.

نەسائى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنداقلا ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان. لېكىن، ئۇلار سانانى، ئەئۇزۇبىللاھنى ۋە بىسمىللاھنى

ئۇنلۇك دېمىگەنىدى».

تەبرانىمۇ مۇشۇ مەزمۇندىكى بىرقانچە ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بولغاچقا، بىز ناماز ئوقۇغاندا يۇقىرىقىلارنى مەخپىي ئوقۇيمىز.

دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ بولۇپ سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلاتتى.

[ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، أَنَّهُ حَدَّثَهُ قَالَ: صَلَّيْتُ خَلْفَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ فَكَانُوا يَسْتَفْتِحُونَ بِالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ، لَا يَذْكُرُوْنَ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ فِي أَوَّلِ قِرَاءَةٍ وَلَا فِي آخِرِهَا ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرە فاتىھە بىلەن قىرائەتنى باشلايتتى. قىرائەتنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا بىسمىللاھنى قىرائەت قىلمايتتى». (مۇسلىم)

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلىپ بولۇپ يەنە بىر سۈرە ياكى خالىغان سۈرىدىن ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇيتتى. لېكىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەخپىي ھالەتتە «ئامىن» دەيتتى ۋە باشقىلارغىمۇ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىشنى بۇيرۇيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ۋە ھەدىسنىڭ مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نامازدا قۇرئاندىكى قايسى سۈرىدىن بولسۇن بىر ئايەت قىرائەت قىلىش نامازنىڭ زۆرۈر بولغان شەرتى. بىراق، سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلىش، سۈرە فاتىھەدىن كېيىن خالىغان بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت قىرائەت قىلىش ۋاجىپتۇر. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىش سۈننەتتۇر. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسى:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿فَاقْرَءُوْا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ﴾

(73 ـ سۈرە/مۇززەممىل 20 ـ ئايەت)

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ: «لاَ صَلاَةَ إِلاَّ بِقِرَاءَةٍ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىرائەتسىز ناماز بولمايدۇ». (مۇسلىم)

مانا بۇ ھۆكۈم مۇتلەق ھۆكۈمدۇر. شۇڭا نامازدا قۇرئاندىن بىر ئايەت بولسىمۇ قىرائەت قىلىنسا نامازدا قىرائەت قىلىشنىڭ پەرزى ئادا بولىدۇ. لېكىن ئۇ ناماز مۇكەممەل ئوقۇلغان ناماز بولماستىن، بەلكى نۇقسان بىلەن ئوقۇلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى:

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : «مَنْ صَلَّى صَلاَةً لَمْ يَقْرَأْ فِيْهَا بِأُمِّ الْقُرْآنِ فَهِيَ خِدَاجٌ ، فَهِيَ خِدَاجٌ ، فَهِيَ خِدَاجٌ ، غَيْرُ تَمَامٍ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «كىم ناماز ئوقۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز تولۇق تامام بولمىغان نامازدۇر». (رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندى). (مۇسلىم)

يۇقىرىقى ھەدىس شۇنىڭغا كۈچلۈك دەلىل بولىدۇكى، سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان نامازنىڭ نۇقسانلىق ناماز بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ ناماز باتىل (ئېتىبارسىز) ناماز بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇشنى ۋاجىپ دەپ قارايمىز. كىم نامازدا ئۇنتۇغانلىقتىن ياكى باشقا سەۋەب بىلەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋە سەجدىسى لازىم كېلىدۇ. ئەگەر قەستەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، نامازنى ئېھتىيات نۇقتىسىدىن قايتا مۇكەممەل ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز كۇپايە قىلمايدۇ» دېگەندى.

(ئىبنى خۇزەيمى)

ئەمدى سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر بار ۋە شۇنداقلا سەلەفى سالىھىنلەرنىڭ روشەن ئۆرنەكلىرى خاتىرىلەنگەن.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قَالَ الإِمَامُ ﴿غَيْرِ الْمَغْضُوْبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ الضَّالِّيْنَ﴾ فَقُوْلُوْا آمِينْ، فَإِنَّهُ مَنْ وَافَقَ قَوْلُهُ قَوْلَ الْمَلاَئِكَةِ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ ].

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «سىلەر ئىمام ﴿غَـيْرِ الْمَغْضُـوْبِ عَلَـيْهِمْ وَلَا الضَّـآلِّيْنَ﴾ دېگەندە، ‹ئامىن› دەڭلار! چۈنكى كىمنىڭ بۇ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە توغرا كەلسە، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ». (بۇخارى)

ئەمدى «ئامىن»نى مەخپىي دېيىشنىڭ ئەۋزەللىكىگە كەلسەك، بۇنى بىز تۆۋەندە بىرنەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

1. يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ۋە سىياقى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

1) ئىمام «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى شەرت ئىمامنىڭ «وَلَا الضَّالِّينَ» دېيىشىگە قويۇلغان. ئەگەر ئىمام «ئامىن»نى ئۈنلۈك دەيدىغان ئىش بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى ئىمام «ئامىن» دېگەندە سىلەرمۇ «ئامىن» دەڭلار، دەپ بۇيرۇغان بولاتتى. دەرۋەقە ئەمەلىيەت بۇنداق ئەمەس.

2) يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھى ۋە سىياقىدىن جامائەتنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغاندا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلەر ‹وَلَا الضَّـآلِّيْنَ› دېگەندە ‹ئامىن› دەڭلار!» دېگەن بولاتتى. بىراق، ئۇنداق دېمەي ئىمامنىڭ «وَلَا الضَّآلِّيْنَ» دېيىشىگە بىزنىڭ «ئامىن» دېيىشىمىزنى شەرت قىلدى.

2. «ئامىن» دېگەن بۇ سۆز، ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىنغان «قوبۇل قىل» دېگەن دۇئادىن ئىبارەت. ئىمام

بۇخارىمۇ ئۆز كىتابىدا « ‹ئامىن› دېگەن دۇئادۇر» دېگەنىدى. شۇنداق بولغانىكەن، «ئامىن»نى جامائەتنىڭ مەخپىي دېگىنى ئەۋزەلدۇر. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1) «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً﴾

﴿سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا يېلىنغان ۋە مەخپىي ھالەتتە دۇئا قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغان.

2) ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ دَعْوَةُ السِّرِّ تَعْدِلُ سَبْعِيْنَ دَعْوَةً فِي الْعَلاَنِيَةِ ]

**«مەخپىي قىلىنغان دۇئا ئاشكارا قىلىنغان 70 دۇئاغا تەڭ كېلىدۇ».**

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

[ خَيْرُ الدُّعَاءِ الْخَفِيُّ ]

**«دۇئالارنىڭ ياخشىسى مەخپىي قىلىنغان دۇئادۇر». (ئىبنى ھەببان)**

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھى دۇئادىن ئىبارەت «ئامىن» دېگەن بۇ سۆزنى مەخپىي دېيىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

3. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن دېيىشكە بۇيرۇلغان «ئامىن» دېگەن سۆز سۈرە فاتىھەنىڭ جۈملىسىدىنمۇ ئەمەس، شۇنداقلا قۇرئاننىڭ جۈملىسىدىنمۇ ئەمەس. ئەگەر بىز سۈرە فاتىھەدىن كېيىنلا شۇنىڭغا ئۇلاپ «ئامىن»نى ئوخشاش ئاۋازدا دېسەك، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت قوشۇپ ئوقۇساق، كىشىلەردە «ئامىن» دېگەن سۆز «قۇرئاننىڭ جۈملىسىدىن ئوخشايدۇ» دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ ئېھتىماللىقنى يوق قىلىش يۈزىسىدىن «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش ئەۋزەل دەپ قارالغان.

4. «ئامىن» دېگەن سۆزنى ئەلۋەتتە «أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» دېگەن ئايەتتىن ئۇستۈن ياكى ئەلا دېگەن گەپنى ھېچكىم ئېيتمايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق بۇيرۇقنى يەنى: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولساڭ، قوغلاندى شەيتاندىن (ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ) پاناھ تىلىگىن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل

قىلغان تورۇقلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «‹اَعُوْذُ بِاللّٰهِ ›نى ئاشكارا دېگەن» دەپ ھېچقانداق رىۋايەت سابىت بولمىدى. شۇنداق بولغانىكەن، يەنى « اَعُوْذُ بِاللّٰهِ»نى مەخپىي دېگەنىكەن، «ئامىن»دىن ئىبارەت بۇ دۇئا كەلىمىسىنى مەخپىي دېيىش ئەلۋەتتە ئەۋزەل بولىدۇ.

5. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر، شۇنداقلا ئاز بولمىغان تابىئىنلەر، جۈملىدىن ئىبراھىم نەخەئى، شەئبى ۋە ئىبراھىم تەيمى قاتارلىقلار «ئامىن»نى مەخپىي دېگەن ھەم بۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىق قىلغان.

بىزنىڭ «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى كۈچلەندۈرۈشىمىزدىكى سەۋەب تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

1) بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش توغرىسىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇ ھەقتە قايىل قىلارلىق دەلىل ـ ئىسپات بولالايدۇ.

2) نۇرغۇن ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش توغرىسىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ھۆججەت قىلغان.

3) «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش ھەققىدە، شۇنداقلا مەيلى قايسى خىلدىكى دۇئا بولسۇن، ئۇ دۇئانى ئۈنلۈك قىلىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇق قىلغانلىقى ياكى تەرغىب قىلغانلىقىغا دائىر رىۋايەت خاتىرىلەنمىگەن. بۇ ھەقتە پەقەت «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ‹ئامىن› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندۇق» دېگەنگە ئوخشاش، ياكى بولمىسا «پەيغەمبىرىمىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ‹ئامىن› دەيتتى» دېگەنگە ئوخشاش، تەشەببۇس تۈسىنى ئالمىغان پائالىيەت خاراكتېرلىك رىۋايەتلەرلا نەقىل قىلىنغان. بىز مەخپىي دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇ يەنى مەخپىي دېيىش ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىدىكى يېقىن تۇرغان كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز چىقىرىشىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ بىلەن نامازدا يېقىن تۇرغانلار «پەيغەمبىرىمىز

‹ئـامـىن›نـى ئۇنلـۇك دەيتتـى» دېـگەن ھەدىسـلەرنى رىـۋايەت قىلغـان. ھالبۇكى، «ئامـىن»نى ئۇنلۇك دېيىش پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىـدە ئومۇملاشقان بولسا، ئـۇ ھەقتىكـى ھەدىـس مۇتىـۋاتىـر ۋە مەشـھۇر بولـۇپ كەتكەن بولاتتى، لېكىن ئەكسىچە، نۇرغۇن ساھابىلەر بـۇ ھەقـتە ھەدىـس رىۋايەت قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن دىنىي ئەھكاملارنى ۋە زىكىـر ـ تەسـبىھلەرنى، شـۇنداقلا ئۇلارنىـڭ ئىبـادەتتىكى ئـورنىنى ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىـتىدە، مەخپىي دېيىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ بىـر مەزگىـل ئـۇنى ئۇنلـۇك دەپ سـاھابىلەرگە ئـۆگىتەتتى. «ئـامىن» مەسىلىسىمۇ بۇ خىل تەلىمـات ئۇسـۇلىدىن خـالىي ئەمەسـتۇر. شـۇنداق بولغاچقا بىز سۈرە فـاتىھەدىن كېـيىن «ئـامىن»نى مەخپىي دېيىشكە تولۇق ئاساسقا ئىگىمىز.

ئەمدى ئەسلىدىكى گېپىمىزگە كەلسەك، پەيغەمبىرىمىـز مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى ئـۈچ ئـايەت ئوقـۇپ بولۇپ تەكبىر بىلەن تەڭلا رۇكۇ قىلاتتـى، ئىككـى قـولى بىـلەن ئىككى تىزىغا تايىنىـپ بارمـاقلىرىنى ئەركىـن قويـۇپ بېرىـپ، بېشـىنى ئېگىـز ياكى پەس قىلىشتىن ساقلىنىپ، دۈمبىسىنى تۈپتۈز قىلىـپ ئېڭىشـەتتى. بـۇ ھـالەتتە ئەڭ ئـاز دېگەنـدە ئـۈچ قېـتىم «سُـبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِـيْمَ» دەيتتـى. ئاندىن كېيىن «سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» دەپ ئۆرە بـولاتتى. جامـائەتلەر «رَبَّنَـا لَكَ الْحَمْدُ» دەيتتى. پەيغەمبىرىمىـز راۋرۇس ئۆرە بولۇپ بولغاندىن كېـيىن تەكبىر ئېيتىش بىـلەن تەڭ سـەجدىگە بـاراتتى. يـۇقىرىقى تەكبىرلەرنـى ئېيتقاندا قول كۆتۈرمەيتتى. سەجدىگە بارغانـدا ئـاۋۋال ئىككـى تىزىنـى، ئاندىن ئىككى قولىنى، ئاخىرىدا يـۈزىنى ئىككـى قولىنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا يەرگە قوياتتى. بۇ چاغدا بىلەكلىرىنى چىقىرىپ قورسىقىنى يوتىسـىدىن يىراق تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ھالەتتە ئەڭ ئاز دېگەندە ئـۈچ قېـتىم «سُـبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلٰى» دەيتتى.

نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا قول كۆتۈرۈش مەسىلىسـىگە كەلسـەك، يەنـىلا پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـالامنىڭ بـــۇ ھەقتىكـــى پائـــالىيەتلىرىگە ۋە تەشەببۇسلىرىغا نەزەر سېلىشىمىز كېرەك.

[ عَنْ عَلْقَمَةَ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ قَالَ أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بِصَلاَةِ رَسُوْلِ اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَامَ فَرَفَعَ يَدَيْهِ أَوَّلَ مَرَّةٍ ثُمَّ لَمْ يَعُدْ ]

ئەلقەمە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بىزگە ‹مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان نامازدىن خەۋەر بېرەيچۇ› دەپ ناماز ئوقۇغىلى تۇردى. ئۇ نامازنى باشلىغاندا بىر قېتىم قول كۆتۈردى. كېيىن قايتا قول كۆتۈرمىدى».

[ عَنِ الأَسْوَدِ ، قَالَ : صَلَّيْتُ مَعَ عُمَرَ فَلَمْ يَرْفَعْ يَدَيْهِ فِي شَيْءٍ مِنْ صَلاَتِهِ إِلاَّ حِيْنَ افْتَتَحَ الصَّلاَةَ ، قَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ: وَرَأَيْتُ الشَّعْبِيَّ ، وَإِبْرَاهِيْمَ ، وَأَبَا إِسْحَاقَ ، لاَ يَرْفَعُوْنَ أَيْدِيَهُمْ إِلاَّ حِيْنَ يَفْتَتِحُوْنَ الصَّلاَةَ ]

ئەسۋەد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، لېكىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدا، ناماز باشلىغان چاغدىكى تەكبىردىن باشقا ھېچقانداق جايدا قولىنى كۆتۈرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن شەئبى، ئىبراھىم ۋە ئەبا ئىسھاقلارنى ناماز ئوقۇغان ھالدا كۆردۇم، ئۇلارمۇ پەقەت ناماز باشلىغان چاغدا بىر قېتىم قول كۆتۈردى. (باشقا جايلاردا قوللىرىنى كۆتۈرمىدى)». (بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبى شەيبى، ھەسەن ئىبنى ئاياش ۋە تەھاۋى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان).

يەنە ئاسىم ئۆز دادىسىدىن رىۋايەت قىلىشچە: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ نامازنى باشلىغاندىن باشقا ھېچقانداق يەردە قول كۆتۈرمەي ناماز ئوقۇغان».

يۇقىرىقى ھەدىسلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ناماز باشلىغان چاغدا تەكبىر ئېيتىپ قول كۆتۈرۈشتىن باشقا رۇكۇ-سەجدىنىڭ ئالدى-كەينىدە قول كۆتۈرۈش لازىم ئەمەس. بۇ جايلاردا قول كۆتۈرۈش توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بولسىمۇ، لېكىن خەلىپىلەر ئىچىدىن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەن، شۇنداقلا تابىئىنلەر دەۋرىدە قايسىبىر فىقھە ئالىمى بولسۇن، بۇ ھەدىسنى مەنسۇخ دەپ قارىغان. شۇ جەھەتتىن

نامازنىڭ باشلىنىشىدىن باشقا جايلاردا قول كۆتۈرۈش لازىم كەلمەيدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، بۇ مەسىلە ۋە «ئامىن» مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي يېزىلغان كىتابلاردا دەلىل ـ ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىز ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن قىسقارتىپ يەتكۈزۈپ قويدۇق.

ئەمدى ئۆز بايانىمىزغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلىگەن هالدا بىرئاز ئولتۇرۇپ ئاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ ئىككىنچى سەجدىگە باراتتى. بۇ سەجدىنى قىلىپ بولۇپ، قولى بىلەن يەرگە (ياكى باشقا نەرسىلەرگە) تايانماستىن پەقەت تىزىنى تۇتۇپلا، تەكبىر ئېيتىش بىلەن تەڭ دەس ئورنىدىن تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى رەكئەتنى ﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ﴾ دەپ قىرائەت باشلاش ئارقىلىق داۋاملاشتۇراتتى. بۇ رەكئەتتە ئوقۇلىدىغان قىرائەت ئۇسۇلى ۋە زىكىر ـ تەسبىھ قائىدىلىرى، شۇنداقلا رۇكۇ ـ سەجدە قىلىش ئۇسۇلى ئاۋۋالقى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىككىنچى رەكئەتتىكى ئىككىنچى سەجدىنى مۇكەممەل ئورۇنلاپ بولۇپ، سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. پۇتلىرىنىڭ بارماق ئۇچىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ تۇرۇپ:

«اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلٰوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلٰى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِيْنَ ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ اِلٰهَ إِلاَّ اللّٰه وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ

(ئەتتاھىييياتۇ لىللاھى، ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ، ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەسسەلامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللا ھىسسالىھىن، ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ)» دەپ ئوقۇيتتى. ئاندىن كېيىن ئىككى دۇرۇتنى ئوقۇيتتى ۋە ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە

بارلىق مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئوقۇغان دۇئالار پەقەت «قۇرئان كەرىم»دىكى دۇئالار مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىگەن دۇئالار ئىدى. ھەرگىز خەلق ئىبغىزىدىكى ئاساسسىز دۇئالارنى ئوقۇمايتتى. ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ ۋە سول تەرەپكىمۇ شۇنداق دەپ سالام بېرەتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامىاز ئوقۇماقچى بولسا، ئىككى رەكەت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئوقۇماستىن ئورنىدىن تۇرۇپلا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشقا باشلايتتى. بۇ رەكئەتلەردە (يەنى 3 ـ ۋە 4 ـ رەكئەتلەردە) سۈرە فاتىھەدىن باشقا سۈرە ئوقۇمايتتى. قالغان رۇكۇ ـ سەجدە ئۇسۇللىرى ۋە ئوقۇلىدىغان زىكىر ـ تەسبىھلەر ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتكە ئوخشاش ئورۇنلىناتتى (سۈننەت نامازلارنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەتلىرىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن باشقا ئايەتلەرنى قوشۇپ قىرائەت قىلاتتى).

يۇقىرىقى بايانلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنى نۇرغۇن مۇجتەھىد ئالىملىرىمىز ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ تۆۋەندىكىدەك يەكۇنلەرنى چىقارغان:

1. نامازنىڭ سىرتىدىكى پەرزلىرى (شەرتلىرى) يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ناماز ئوقۇغۇچى تاھارەت ئېلىش.
2) بەدىنىنى پاكلاش.
3) ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇننى پاكلاش.
4) ئەۋرەتنى ياپقۇدەك پاك كىيىملەرنى كىيىش.
5) ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش.
6) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.
7) نىيەت قىلىش.

2. نامازنىڭ (ئىچىدىكى) پەرزلىرى:

1) تەكبىر تەھرىمە (يەنى نامازدىن باشقىنى ھارام قىلىش).

2) ئۆرە تۇرۇش.

3) قىرائەت قىلىش.

4) رۇكۇ قىلىش.

5) سەجدە قىلىش.

6) ئاخىرقى تەشەھھۇددا ئولتۇرۇش قاتارلىقلار.

3. نامازنىڭ ۋاجىپلىرى:

1) سۈرە فاتىھە ئوقۇش.

2) سۈرە فاتىھەگە قوشۇپ بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت ئوقۇش.

3) ئاۋۋال فاتىھە ئوقۇش.

4) پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىدە قىرائەتنى تەيىنلەش.

5) نامازنىڭ ئەركانلىرىنى تولۇق ئورۇنلاش.

6) ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرۇش.

7) ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇش.

8) نامازدىن چىققاندا سالام بېرىپ چىقىش.

9) ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش.

10) ھېيت نامازلىرىدىكى بارلىق تەكبىرلەرنى ئېيتىش.

11) ئىمام بولغۇچى بامدات، جۈمە، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا ۋە رامىزاندىكى تاراۋىھ، ۋىتىر نامازلىرىدا ۋە شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتلىرىدە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش؛ بۇنىڭدىن باشقا رەكئەتلەردە ۋە باشقا نامازلاردا قىرائەتنى مەخپىي قىلىش قاتارلىقلار.

4. نامازنىڭ سۈننەتلىرى:

1) تەكبىر تەھرىمىدە ئىككى قولنى قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ ئاندىن ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا

قويۇش.

2) سانا ئوقۇش.

3) «ئەئۇزۇبىللاھ» دېيىش.

4) «بىسمىللاھ» دېيىش.

5) سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش.

6) رۇكۇدىن تۇرغاندا «سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» ۋە «رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ» دېيىش.

7) رۇكۇ-سەجدىلەر ئارىسىدىكى تەكبىرلەرنى ئېيتىش.

8) رۇكۇ-سەجدىدە تەسبىھ ئوقۇش.

9) رۇكۇدا تىزنى ئۆلچەملىك تۇتۇش.

10) ئولتۇرغاندا سول پۇتنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتنى تىكلەپ سول پۇتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش.

11) ئولتۇرغاندا قولنى يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇش.

12) ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەت قىلىش.

13) ئىمام مەخپىي قىرائەت قىلىدىغان نامازدا تەكبىرلەرنى ۋە سالامنى ئۈنلۈك ئېيتىش.

14) نامازنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغاندا دۇرۇت ئوقۇش.

15) دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن دۇئالارنى قىلىش.

16) (ئىككى تەرەپكە) سالام بەرگەندە ئوڭ-سولغا بۇرۇلۇش.

17) ئىمام سالام بەرگەندە جامائەتنى، پەرىشتىلەرنى ۋە سالىھ جىنلارنى نىيەت قىلىش.

18) جامائەت سالام بەرگەندە، ئىمام بار تەرەپكە سالام بەرگەندە ئىمامنى نىيەت قىلىش.

19) ھەربىر جامائەت سالام بەرگەندە ئىككى تەرەپتىكى جامائەتنى ۋە مالائىكىلەرنى ھەم سالىھ جىنلارنى نىيەت قىلىش قاتارلىقلار.

5. نامازنىڭ مۇستەھەپلىرى:

1) قول كۆتۈرگەندە قولنى يەڭدىن چىقىرىش.

2) باش كىيىم كىيىش.

3) ئۆرە تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان جايغا، رۇكۇ قىلغاندا قەدىمىنىڭ ئۈستىگە، سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قاراپ تۇرۇش.

4) ئىمكانقەدەر يۆتەلمەسلىك.

5) ئىمكانقەدەر ئەسنىمەسلىك.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، مۇجتەھىدلەرنىڭ ناماز توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئۇزاق مۇددەت ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق ناماز ئوقۇش جەريانىدا ئاياللار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە نۇقتا ئىزاھلاپ بېرىلگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويغاندا كۆكسىگە قويۇش.

2) قول كۆتۈرگەندە قولنى يەڭدىن چىقارماسلىق.

3) قول كۆتۈرگەندە مۈرىسى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈش.

4) رۇكۇغا بارغاندا بارماقلىرىنى ئاچمايلا ھەم تۇتۇپ تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇش.

5) رۇكۇغا بارغاندا بەك ئېگىشمەسلىك.

6) رۇكۇغا بارغاندا جەينىكىنى بېقىنىغا چاپلاپ تۇرۇش.

7) سەجدە قىلغاندا قورسىقىنى يوتىسىغا چاپلاپ تۇرۇش.

8) ئولتۇرغاندا ئىككىلا پۇتىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ يەردە ئولتۇرۇش.

9) سەجدىگە بارغاندا بىلىكىنى يەرگە قويۇش.

10) ھېچقانداق جايدا ئاۋاز چىقارماسلىق.

6. نامازنىڭ مەكرۇھلىرى:

1) نامازدا كىيىم-كېچەك ياكى بەدەنلىرىنى ئويناش.

2) نامازدا ئالدىدىكى تاش پارچىلىرىنى ئۇيان-بۇيانغا يۆتكەش.

3) نامازدا قول ـ پۇتلىرىدىن قاس چىقىرىش.
4) نامازدا بېقىنىنى تۇتۇش.
5) نامازدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈش.
6) نامازدا چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈش.
7) نامازدا بوينىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش.
8) سەجدە قىلغاندا بىلىكىنى سۇنۇپ تۇرۇش.
9) نامازدا باشقىلارغا قولى بىلەن سالام بىلدۈرۈش.
10) نامازدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش.
11) نامازدا پېشانىسى ۋە بۇرنىدىكى توپىلارنى سۈرتۈش.
12) نامازدا ئېغىزدا تۇرۇپ قالغان نەرسىلەرنى چىقىرىش.
13) نامازدا كىيىمنى يېپىنچاقلاپ تۇرۇش.
14) نامازنىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ياكى دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئامىللارنى سادىر قىلىش ياكى خىيال قىلىش قاتارلىقلار.

7. ناماز بۇزۇلىدىغان سەۋەبلەر:
1) يەپ ـ ئىچىش.
2) ناماز جۈملىسىدىن بولمىغان ئىشلارنى قىلىش.
3) قەستەن تاھارەت سۇندۇرۇش.
4) ئۈچ قەدەمدىن ئارتۇق مېڭىش.
5) قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراش.
6) ئايلىنىپ كېتىش.
7) ئېلىشىپ قېلىش.
8) ئېھتىلام بولۇش.
9) يات جىنس كىشىلەرگە كۆڭلى ئىنتىلگۈدەك ياشقا توشقان ئەر ـ ئاياللار ياندىشىپ تۇرۇپ، بىر نامازنى جامائەت بولغان ھالەتتە ئوقۇش.
10) ئەۋرەت ئېچىلىپ قېلىش ياكى نىجاسەت يۇقۇپ قېلىش.
11) ئۈزرى ئاڭلىغۇدەك كۈلۈش.
12) بىر كەلىمە بولسىمۇ سۆز قىلىش.

13) باشقىلارغا سالام قىلىش.

14) باشقىلارنىڭ سالىمىنى تىلى بىلەن قايتۇرۇش.

15) ئۆزرىسىز ئۇھ تارتىش.

16) ئۆزرىسىز ئىنجىقلاش.

17) ئۆزرىسىز ئاھ ئۇرۇش.

18) ئاخىرەت ئەسلىمىسىدىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن ئاۋازلىق يىغلاش.

19) چۈشكۈرگۈچىگە رەھمەت تىلەش.

20) سوئالغا جاۋاب بېرىش.

21) ئىسترجا ئوقۇش. (مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تىلى بىلەن ئىپادىلەش).

22) ياخشى خەۋەر ئاڭلىغاندا ئاللاھقا ھەمدۇ ئوقۇش.

23) ئىشلارغا ئەجەبلەنگەنلىكىنى تىلى بىلەن بىلدۈرۈش.

24) باشقىلارغا خىتاب قىلىش.

25) ئۆز ئىمامىدىن باشقىلارغا لوقما قىلىش.

26) قۇرئاننى مەنە بۇزۇلغۇدەك ھالەتتە بۇزۇپ ئوقۇش.

بىز مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا پەيغەمبىرىمىز ئوقۇغان نامازنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ۋە ئۇنىڭ كەيپىياتىغا رىئايە قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا قىلغان ئىبادىتىمىز، ئوقۇغان نامىزىمىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۆز رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاخىردا ھەممىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا توغرا يولغا باشلىغاي! بىر ـ بىرىمىزنىڭ دىللىرىمىزنى ئىناق ـ ئىتتىپاقلىققا جەم قىلغاي ۋە ئىبادەتلىرىمىزنى مەقبۇل قىلغاي! ئامىن!

وَأَخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْن

# مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلٰى رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلٰى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

قَالَ اللهُ تَعَالٰى فِي كِتَابِهِ الْعَزِيْزِ أَسْتَعِيْذُ بِاللهِ

﴿ثُمَّ جَعَلْنَاكُمْ خَلَائِفَ فِي الْأَرْضِ مِن بَعْدِهِمْ لِنَنْظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُوْنَ﴾

صَدَقَ اللهُ الْعَظِيْمِ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيالىقتىكى ھاياتلىقتا ئاكتىپلىق بىلەن تەلپۈنۈش ۋە ئاتلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە:

﴿ثُمَّ جَعَلْنَاكُمْ خَلَائِفَ فِي الْأَرْضِ مِن بَعْدِهِمْ لِنَنْظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُوْنَ﴾

﴿سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغىنىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (يەنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان)دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق﴾ دېيىلگەن. (**10** ـ سۈرە/يۇنۇس **14** ـ ئايەت)

ئىسلام ئېتىقادىدا، كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشى مەقسەتسىز بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئالەمنى ياراتتى. ئىنسانىيەت، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن يەر شارىنى گۈللەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھېچقاچان بۇ دۇنيادا ياشاشنى «چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىش» دەپ قارىمايدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيادا ياشاشتىكى مەقسەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى يارىتىشتىكى مەقسىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت. ھەربىر ئادەمدە ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي تالانت ۋە قابىلىيەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ ھاياتلىق قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلىش شارائىتى بېرىش ئۈچۈن، چوڭ مۇقەررەرلىك دائىرىسى ئىچىدە ئىنسانغا تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن. ئىنسانلار دەل مۇشۇنداق تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يارىتىپ بەرگەن شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ھەر بىر ئادەمگە ئادىل مۇئامىلە قىلىنىشى ئۈچۈن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق جەريانى تامامەن سىناق ئىچىدە بولىدۇ. بۇ مەسىلە «قۇرئان كەرىم» دە ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ﴾

﴿سىلەر ماللىرىڭلاردا ۋە جانلىرىڭلاردا چوقۇم سىنىلىسىلەر﴾.

**(3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 186 ـ ئايەت)**

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿وَنَبْلُوْكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُوْنَ﴾

﴿سىلەرنى بىر يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز، سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر﴾.

**(21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 35 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

بىز سىلەرنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك، ساقلىق ۋە كېسەللىك،بايلىق ۋە پېقىرلىق، ھالال ۋە ھارام، بويسۇنۇش ۋە بويسۇنماسلىق، توغرا يول ۋە خاتا يوللار بىلەن سىنايمىز. ئاندىن سىلەرنى قىلغان ئىشىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايمىز ياكى جازالايمىز.

سىناقنىڭ مەقسىتى خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك، كىمنىڭ ھاياتلىق قىممىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا، تىكەن ـ چاتقاللارغا تولغان جاپالىق يولدا، كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پارە قىلىدىغان قايغۇ ـ ئازاب ئىچىدە قالغاندا، ئۇنىڭغا باش ئەگمەي، باتۇرانە ئالغا بېسىپ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدىغان ـ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، باياشات ـ ئارامبەخشلىك مەئىشەت ئىچىدە، ئىشلىرى ھە دېسىلا ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقان شانۇ شۆھرەت ئالدىدا ئېسەنگىرەپ كېتىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ـ قالمايدىغانلىقىنى، ئاشۇ قىسقا ۋاقىتلىق پەقەتلا سىمۋول خاراكتېرلىك (ئاخىرەتتىكى ئۇزۇن ۋاقىتلىق بەخت ـ سائادەتكە نىسبەتەن) كىچىككىنە سىناق ئالدىدا كەمتەر، سەۋرلىك بولۇپ، داۋاملىق تىرىشىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ـ كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئېتىقادىدا، ئادەمنىڭ ھاياتلىقىدا ھەم ئازاب ھەم خۇشاللىق بولىدۇ، تىرىكچىلىكنىڭ مەقسىتى نوقۇللا بۇ دۇنيالىقتىكى شەخسىي راھەت ـ پاراغەتنى قوغلىشىش بولماستىن، قانداق قىلىپ ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، جەمئىيەت ۋە خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئاشۇنداق قىلغاندا، شەخسلەرمۇ بىر خىل راھەت ـ قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ. شەخسنىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل راھەت ـ قانائەت تۇيغۇسىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى مەنزىلگە

ئۆرلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە غەم ـ قايغۇغا دۇچ كېلىشىمۇ ئادىل سىناقلار ئىچىدىكى مۇقەررەر ھادىسىدۇر. ئۇنىڭ كۆرۈلۈشىدە ئىككى تۈرلۈك ئېھتىماللىق بولىدۇ: ئۇ ياكى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە ياكى ئاللاھتائالانىڭ سىناق قىلىشىدىن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئاجىز ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى،تېخىمۇ بىر بالداق ئۆرلەش ئۈچۈن، يېڭى پەللە ئۈچۈن ئازاب چېكىش، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش كەم بولسا بولمايدىغان جەريان ھېسابلىنىدۇ.ئاللاھ تائالانىڭ ئومۇميۈزلۈك بەخش ئەتكەن ئىلتىپاتى شۇكى، ئۇ ئىنسانلارغا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدى، ئۆزىنىڭ يارىتىشتىكى مۇددىئاسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ۋە رەسۇلۇللاھنى ئەۋەتتى، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە يېتىش يولىنى يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئىنسانىيەت تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم بۇ يولنى ئېنىق تونۇۋېلىشى، ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە قارارگاھىنى ئېنىق تونۇۋېلىشى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بالدۇرراق بەزى تەييارلىقلارنى كۆرۈۋېلىشى، ئۆز ئۆمرىنى ئىسراپ قىلماسلىقى، ئۆز ھاياتىغا سەل قاراپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلماسلىقى كېرەك.

ئەلۋەتتە، ھاياتلىقنىڭ مۇرەككەپلىكى كۆپ ھاللاردا ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرگە سېزىلمەيدۇ، ئېھتىمال ئۇلار ئۇ توغرۇلۇق ئىنچىكە ئويلانمىغانلىقى ياكى ئويلاشقا ماھىر بولمىغانلىقى،كۈنبويى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىلا ئالدىراپ، پەقەت كۆزگە كۆرۈنىدىغان ماددىي دۇنيانىلا چوڭقۇر سېزىپ، ئېتىقادنى پەقەتلا بىر خىل روھىي تەسەللى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغاندۇ.

ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن ئېتىقادنى پەقەت بىر خىل روھىي تەسەللى ياكى مەنىۋى تايانچ دەپ قارىمايدۇ، مۇسۇلمانلار ئېتىقادنى بىر خىل توغرا يېتەكچى ئۈستىدە ئىزدىنىش، توغرا ھاياتلىق

يولىغا ئەمەل قىلىش دەپ قارايدۇ. بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ۋاق نامىزىدا ئاللاھ تائالادىن ھىدايەت يولىغا يېتەكلەشنى ئىخلاس بىلەن توختىماي تىلەيدىغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار ھەرگىز ئېتىقاد دۇرۇس بولسىلا مەلۇم ئەۋزەللىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەيدىغان تار مەنىدىكى قاراشتىمۇ ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگىلا مېھرىباندۇر، ئېتىقادى بولامدۇ ـ بولمامدۇ سىناقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، يەنە كېلىپ ئىماننىڭ پەقەت ئېغىزدىلا بولۇشىغا يول قويمايدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى، نەتىجە بېرىشى، كۈچكە ئايلاندۇرۇلۇپ ئۇنۇم ھاسىل قىلىنىشى كېرەك. ئېتىقادى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھەرگىزمۇ ئۆلگەندىن كېيىن كىرىدىغان جەننەتكە ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿لِلَّذِيْنَ أَحْسَنُوْا فِي هٰذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةٌ وَلَدَارُ الْآخِرَةِ خَيْرٌ﴾

﴿ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر﴾ دېيىلگەن. **(16 ـ سۈرە/نەھل 30 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَابْتَغِ فِيْمَا آتَاكَ اللّٰهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيْبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللّٰهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللّٰهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِيْنَ﴾

﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك،سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنىڭ كەينىگە كىرمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾.
**(28 ـ سۈرە/قەسەس 77 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوْا يَعْمَلُوْنَ﴾

﴿ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى

ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾. (16 ـ سۈرە/نەھل 97 ـ ئايەت)

مۇسۇلمانلار گۈزەل تۇرمۇشنى رەت قىلمايدۇ، رەھبانىي بولۇپ زاھىتلىق قىلىش، تەركىدۇنيالىق تۇرمۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە نوقۇللا زاھىتلىق قىلىش «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىمى ئەمەس. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوْهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَآتَيْنَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ وَكَثِيْرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُوْنَ﴾

﴿رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى (ھەسسىلەپ) بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾ دېيىلگەن. (57 ـ سۈرە/ھەدىد 27 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تەركىدۇنيا بولۇپ، رەھبانىيلىق قىلىش ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ رەھبانىي بولۇپ ئىستىقامەت قىلىش ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئەمەلىي سىناقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى يارىتىشتىكى مۇددىئاسىغا مۇخالىپتۇر. مۇبادا ھەممە ئادەم بەس ـ بەس بىلەن رەھبانىي بولۇپ ئىستىقامەت قىلىپ كەتسە، ئىنسانلار تىرىكچىلىكتە دۇچ كېلىدىغان ھەر خىل ئىشلارنى كىم بەجا كەلتۈرىدۇ؟ تەركىدۇنيا بولۇپ، ئىستىقامەت قىلىشنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي تۇغما خۇسۇسىيىتىگىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقى تېخىمۇ ئايان. مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيەتتىن، جامائەتتىن چەتنىمەسلىكى، كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۆزىنى تىزگىنلەش، چېنىقىش (يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش) داۋامىدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇرەككەپ جەمئىيەت ئېقىمىدا

پاكلىنىشى ۋە سىناقنى قوبۇل قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەربىيەلىنىش يالغۇز ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن بولۇپلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ ئالەملىك روھ بىلەن ئومۇمىي ئۈچۈن، بۇ ئالەملىك تۆھپە يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ دەل «قۇرئان كەرىم»دە كۆپ زىكىر قىلىنغان نۇقتىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ قىسقا بولىدىغانلىقى، ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەتنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ئەركانلىرىنىڭ مۇھىم بىرىدۇر. بىرمۇنچە كىشىلەر، جۈملىدىن بەزى تەقۋادار كىشىلەرمۇ ئاخىرەتكە قارىتا يەنىلا ئەنئەنىۋى تونۇشتا توختاپ قىلىپ، گويا ئىمانى بار كىشىلەر ئاخىرەتنىلا ئارزۇ قىلىپ، بۇ دۇنيالىقتىكى تۇرمۇشنى بولۇشچىلا ئۆتكۈزسە بولىدىغاندەك ھېسابلايدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئىمانغا بولغان تونۇشنىڭ ئەتراپلىق بولمىغانلىقى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىمى بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇلار بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى زىتلەشتۇرۇپ قويۇپ، پاسسىپ ۋە ئۈمىدسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، دۇنيا ھەرگىز مۇنداقچىلا تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئاپىرىدە قىلغان. قايسى ۋاقىتتا قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ. ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ مۇددىئاسى دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتۇر. ھەر بىر كىشىنىڭ قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، ئادەمگە تاللاش ئەركىنلىكى ئاتا قىلىنىپلا قالماي، سانسىز سىناقلارمۇ ھازىر قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمەن ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئاتاشنى تاللىغانلارنىڭ تەلىپىنى چوقۇم قاندۇرىدۇ، ئۇلارنى كەڭ رىزىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئومۇمەن، ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىپ ھەتتا رەھىمسىز، قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن تەپ تارتمىغانلارنىڭ تەلىپىنىمۇ ئاللاھ تائالا قاندۇرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز بولىدۇ، ئەمما يامان ئىش مەلۇم چەككە يەتكەندە

ئاللاھ تائالا ئۇنى چەكلەيدۇ ھەم جازالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەك كۆپ زەخمەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىگە يول قويمايدۇ. ئەمما بۇ دۇنيالىقتىكى مۇكاپات ۋە جازا پەقەت ئازغىنە بولىدۇ، ھەممە ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ئاخىرقى ھېساباتى ئاخىرەتتە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «قىيامەت كۈنى» تىلغا ئېلىنغان، ئۇ كۈندە ھېچنېمىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، ھېچكىم قىلچە ئۇۋالغا ئۇچرىمايدۇ. ھەممە ئۆز قىلمىشىغا تېگىشلىك ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ تىلى قوش مەنىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ نۇقتىلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە جەھەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدا، ياخشى ئىش ياكى يامان ئىشنىڭ ھېساباتىنىڭ ھەممىسىلا قىيامەت كۈنى كەلگەندە باشلانمايدۇ، بەلكى ھەربىر باسقۇچتىن كېيىن ئۇنىڭ بىر كىچىك ھېساباتى بولىدۇ. بۇ كىچىك ھېساباتتىكى مۇكاپات ۋە جازانىڭ ھەممىسى قىسقا ۋاقىتلىق، ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدە بولىدۇ، بولۇپمۇ جازا جەھەتتە، ئۇ جېنىدىن مەھرۇم قىلىنمىغان بولسىلا بۇ جازا پەقەت ئۇنى ئويغىتىش مەقسىتىدە بولىدۇ. ئاگاھلاندۇرۇش جازاسىدىن كېيىن، شۇ كىشىنىڭ توۋا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراپ يېڭى پۇرسەت بېرىدۇ. گۇناھى چېكىدىن ئاشقانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى تا قەبرى زور بولغانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەت، زىيان ـ زەخمەت، جەبىر ـ جاپا قاتارلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى، ناۋادا ھەقىقەتەن ئۆزى سەۋەبلىك بولمىسا، ئۇنى ئۆزىگە قىلىنغان بىر خىل سىناق دەپ چۈشىنىشى كېرەك. بۇ شۇنىڭ ئىپادىسىكى، ئۇ شۇنداق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە بىر پەللە يۇقىرى ئۆرلىشى مۇمكىن ياكى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. مۇبادا ھەقىقەتەن ئۆزى كەلتۈرگەن سەۋەبلىك بولسا، ئۇنىڭغا ھازىر بېرىلگەن جازا پەقەت سىمۋول خاراكتېرلىك بولۇپ، ئاخىرقى ئومۇمىي ھېساب ـ كىتاب ئاخىرەتتە ۋە قىيامەت كۈنى بولىدۇ. بۇ مۇقەررەر

بولۇپ، ھەر كىم بۇ چوڭ ھېساباتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىقىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدىكى بۇ بەلگىلىمىلەر كىشىلەرنى كۆپ بويىچە قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىچىدە ياشاشقا ئۈندىمەيدۇ، بەلكى كىشىلەرنى شۇنى سەگەكلىك بىلەن چۈشىنىشكە ئۈندەيدۇكى، ھەرقانداق ئىش نەتىجىسىز بولمايدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك قىلمىش ـ ئەتمىشى ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئۇنۇمى قىسقا ۋاقىتلىق ھەم تىلغا ئالغۇسىز بولىدۇ، يىراق كەلگۈسىلا رىئال ھەم ئەقىل يەتكۈسىزدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگۈسى توغرىلىق نۇرغۇن بايانلار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىكلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ئىستىئارەلىك نەقىل ئۇسۇلىدا بايان قىلىنغان. بەزىلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاخىرەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ: «يَقُـوْلُ اللهُ عَـزَّ وَجَلَّ: أَعْدَدْتُ لِعِبَادِيَ الصَّالِحِيْنَ مَـا لاَ عَـيْنٌ رَأَتْ وَلاَ أُذُنٌ سَـمِعَتْ وَلاَ خَطَـرَ عَلٰى قَلْبِ بَشَرٍ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا: مەن ياخشى بەندىلىرىمگە كۆز بىلەن كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق بىلەن ئاڭلاپ باقمىغان، ھەتتا كۆڭۈلدە ئويلاپ باقمىغان راھەت ـ پاراغەتنى تەييارلاپ قويدۇم، دەيدۇ». (بۇخارى)

بۇ خىل تەپسىلىي باياندىن بىز «قۇرئان كەرىم»دىكى تەلىملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز. «قۇرئان كەرىم»نى ئەستايىدىل ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بىر خىل تەسىراتقا ئىگىكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنچىكە، ئاممىباب تىلى ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭقۇر پەلسەپەۋى ھېكمەتكە ۋە كۆپ تەرەپلىمە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا بۇ دۇنيالىقتىكى ھاياتلىق ۋەزىپىسى تەكىتلەنگەندە،

كىشىلەردىن بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشكە قىلچە ئىككىلەنمەي، جان ـ دىل بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا كىرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. هالبۇكى، بۇ خىل تىرىشچانلىقنىڭ ئاخىرقى نېئمىتى ئاشۇ چىن باقىي ئالەمدە ھەقىقىي ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت زىچ باغلانغان، بۇ دۇنيالىق بولمىسا ئاخىرەتمۇ بولمايدۇ. بۇ دۇنيالىقتىن ۋاز كەچكەنلىك ئاخىرەتتىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:

[ اَلدُّنْيَا مَزْرَعَةُ الْآخِرَةِ ]

«بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگاھى» دېگەنىدى.

پەقەت بۇ دۇنيالىقتا ھاياتلىقنىڭ قىممىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىت ۋە مۇھىتتا، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، نەتىجە يارىتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىلا، ئاخىرەتلىكىمىز سۆزسىز ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيادا تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە ياكى تەقدىرىم ياخشى ئەمەسكەن، بەختسىز تۇغۇلۇپ قاپتىمەن، دېگەن ھېسسىياتتا بولۇپ ئاغرىنىپلا يۈرسە، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندا ئۇنىڭ ئۇ دۇنيالىقىمۇ بۇ دۇنيادىكىدىن ئانچە ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھاياتلىقتىكى پەرق ئالەم قانۇنىيىتى ۋە تۈرلۈك كونكرېت شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ پەرقلەردىن ھاسىل بولغان ئوخشىماسلىقلارغا ھېچكىم ئۇھسىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەربىر مەخلۇققا (يارىتىلغۇچىغا) ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿وَلَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾

﴿بىز ئىنسانىنى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان (ئىش)قىلا تەكلىپ قىلىمىز﴾ دەپ ئېيتىلغان. (23 ـ سۈرە/مۇئمىنۇن 62 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر ئادەمگە قويغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆز قۇدرىتىنى تولۇق ئىشقا سالغان ـ سالمىغانلىقى، ئاخىرقى

چەككە يەتكۈزەلىگەن ـ يەتكۈزەلمىگەنلىكى، ئاتا قىلىنغان قابىلىيەت ۋە دائىرە ئىچىدە قانچىلىك نەتىجە ياراتقانلىقىدىن ھەر كىمنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ ھېساب ئېلىنىدۇ، بۇ ھېساب مۇتلەق ئادىل بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُوْنَ﴾

﴿راستتىنلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾ دەپ تەلىم بېرىلگەن. (10 ـ سۈرە/يۇنۇس 62 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاخىرەتتىكى ھېسابنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەرقانداق جان ئىگىسى قاتتىق قورقۇنچ ھېس قىلىدىغان چاغدا، ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ يوق. ھاياتى دۇنيادىكى قىلىپ قالغان نەرسىلىرى ئۈچۈن غەم قىلىشمۇ بولمايدۇ.

[ عَنْ عَمْرِو بْنِ جَرِيْرِ الْبَجَلِيِّ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ مِنْ عِبَادِ اللهِ عِبَادًا يَغْبُطُهُمُ الْأَنْبِيَاءُ وَالشُّهَدَاءُ» قِيْلَ مَنْ هُمْ يَا رَسُوْلَ اللهِ لَعَلَّنَا نُحِبُّهُمْ قَالَ: «هُمْ قَوْمٌ تَحَابُّوْا فِي اللَّهِ مِنْ غَيْرِ أَمْوَالٍ وَلاَ أَنْسَابٍ وُجُوْهُهُمْ نُوْرٌ عَلَى مَنَابِرَ مِنْ نُوْرٍ لاَ يَخَافُوْنَ إِذَا خَافَ النَّاسُ وَلاَ يَحْزَنُوْنَ إِذَا حَزِنَ النَّاسُ» ثُمَّ قَرَأَ: ﴿أَلاَ إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُوْنَ﴾ ]

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق بەندىلەر باركى (قىيامەت كۈنى) ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەرمۇ ھەۋەس قىلىدۇ». ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار بىرسىنى دوست تۇتقاندا مال ـ دۇنياسىنى كۆزلىمەي، نەسەب سۈرۈشتە قىلماي ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوستلىشىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار نۇرلۇق تەختلەرنىڭ ئۈستىدە يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا تۇرىدۇ.

كىشىلەر قورقىقان چاغدا ئۇلاردا قورقۇنچ بولمايدۇ. كىشىلەر نادامەت چېكىپ پۇشايمان يېگەن ۋە كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان چاغدا، ئۇلار بۇ ئىشلاردىن خالىي بولىدۇ» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُوْنَ﴾

﴿راستتىنلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾.

(10 ـ سۈرە/يۇنۇس 62 ـ ئايەت)

ئالەمچە ئاپەت بولغان تەقدىردىمۇ قورقۇپ كەتمەسلىك لازىم، چۈنكى ئۇنىڭغا قورىبىمىز يەتمەيدۇ، ئەقلىمىزمۇ يەتمەيدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ ھامان كۆڭلى ئارامخۇدا بولىدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيالىقتىكى ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرغان ھالدىمۇ ئاخىرەتتە يەنىلا خاتىرجەم ۋە بەخت ـ سائادەت ئىچىدە بولىدۇ، ئۇنداقتا ئۇلارغا يەنە قورقۇش ھاجەتمۇ؟

«قۇرئان كەرىم»دە ئاخىرەتتىكى جازا توغرىسىدىكى بېشارەتلەر ئىنتايىن شۇركۇنۇشلۇك، شۇنداقلا چوڭقۇر مەنىلىكتۇر. چۈنكى جازانىڭ مەقسىتى كىشىلەرگە رەزىل قىلمىشلاردىن بالدۇرراق قول ئۈزۈپ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكىلەرگە خىتاب قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاخىرىدا، بىز ھەممىمىز بۇ دۇنياغا ۋە ئاخىرەتكە بولغان مۇئامىلىنى توغرا ھەل قىلىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول تۇتۇپ ماڭالايدىغان كىشىلەردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن تىرىشىشىمىز، ھەمدە ئۇلۇغ ئاللاھقا داۋاملىق دۇئا قىلىشىمىز لازىم.

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى (جۈمە)

# ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الْمَلِكِ الْمَعْبُوْدِ، اَلْوَاحِدِ الْأَحَدِ اللَّطِيْفِ الْوَدُوْدِ، اَلْبَصِيْرِ الَّذِىْ يَبْصُرُ جَرْيَانَ الْمَاءِ فِى الْحَجَرِ الْجَامُوْدِ، وَلاَ يَخْفَى عَلَيْهِ دَبِيْبُ النَّمْلَةِ السَّوْدَاءِ عَلٰى الصَّخْرَةِ الصَّمَّاءِ فِى اللَّيَالِ السُّوْدِ، وَصَلَّى اللهُ عَلٰى مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ نَبِيٌّ تَشَرَّفَتْ بِهِ الْآبَآءُ وَالْجُلُوْدُ، وَعَلٰى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ صَلاَةً وَسَلاَمًا دَائِمِيْنَ مَانَبَتَ زَرْعٌ وَأَوْرَقَ عُوْدٌ، وَسَلَّمَ تَسْلِيْمًا كَثِيْرًا . أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَنَبْلُوْكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُوْنَ﴾

**﴿ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر. (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)﴾.**

**(21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 35 ـ ئايەت).**

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىپ، بۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدە ئادەم ئەۋلادىنى بەك ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا ئالاھىدە دەرىجىلەر ئاتا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى

خەلىپىسى قىلدى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَ لَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِيْ آدَمَ﴾

«بىز ئادەم ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىدۇق». (17 ـ سۈرە/ئىسرا 70 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپ ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىن ـ مۇسۇلمان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە خاس ئۇسۇلدا ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتىنىمۇ ئۆز لايىقىدا قەدىرلىدى. مۇئمىن كىشى بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇغۇلغان كۈنىدىكى دەسلەپكى مىنۇتلىرىدا پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان، تەكبىرلەر ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىنسا، ئۇ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپ ئاخىرەت سەپىرىنى قىلغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ناھايىتى زور ھۆرمەت، ئېھتىراملار بىلەن يۇيۇندۇرۇلۇپ، ئاپئاق، پاكىز كېيىملەر بىلەن كېيىندۈرۈلۈپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ياخشى گۇۋاھلىقىدا ناماز ئوقۇلۇپ ئۆز ھۆرمىتى بىلەن ئۇزىتىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئادەم بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ، خۇددى بىر ئۆتكۈنچى ئۆتەڭدىن ھاردۇق ئېلىپ بولۇپ كېتىپ قالغاندەك خوشلىشىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ كُنْ فِي الدُّنْيَا كَعَابِرِ السَّبِيْلِ ]

«سەن بۇ دۇنيادا يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىدەك بول».

شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلمان كىشى بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنا ھاياتىنى بەك قەدىرلىشى، ۋاقتىنى بىھۇدە مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلماسلىقى، ئىمكانقەدەر ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ھاياتىدا دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىللە جەمئىيەت ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياخشى ناملىرىنى قالدۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش جەريانىدا ھەر

مۇسۇلمان كىشى بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشى كېرەك. شۇنىڭدەك بىرەر قېرىندىشى ۋاپات بولۇپ ئاخىرەت سەپىرىنى قىلسا، ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەپ يۇيۇپ كېپەنلەپ نامىزىنى ئوقۇپ ياخشى ئۇزىتىپ قويۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ بىر دىنىي قېرىندىشىغا نىسبەتەن ھەقىقىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

## ئادەم كېسەل بولغاندا

ئىنسانلار بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان بەزى كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ فىترى قانۇنى بولۇپ، بۇ كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەر داۋالاش ئارقىلىق شىپا تېپىپ ساقىيىپ ئەسلىگە كەلسە، يەنە بەزىلەر داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي شۇ كېسەل تۈپەيلىدىن ۋاپات بولۇپ، ئاخىرەت سەپىرىنى قىلىدۇ. شۇڭا ئادەم بۇنداق كۈتۈلمىگەن كېسەللەرگە، ئاغرىقلارغا يولۇققاندا ناھايىتى سەۋرچانلىق، ساقىيىش ئۈمىدى بىلەن كېسەلنى داۋالىتىشى، ھەرگىز بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا كۈتۈلمىگەن ھەر خىل بالا-قازالارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىنىڭ سەۋر-تاقىتىنى سىناش ئۈچۈن مۇپتىلا قىلىدىغان بىر خىل سىناق بولۇپ، بۇ سىناقلارغا شۈكۈر قىلىپ سەۋر-تاقەتلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنىڭ مەغپىرىتىگە، رەھمىتىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تەلپۈنگەن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. لېكىن كېسەل كىشىنىڭ سەۋر-تاقەت قىلىمەن دەپ كېسەلنى داۋالاتماي ئۆز ھالىتىدە تاشلاپ قويۇشى ياخشى ئەمەس.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

[ وَعَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ اللهَ أَنْزَلَ الدَّاءَ وَالدَّوَاءَ ، وَجَعَلَ لِكُلِّ دَاءٍ دَوَاءً فَتَدَاوَوْا ، وَلا تَتَدَاوَوْا بِحَرَامٍ» ]

**«ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر كېسەلنى ئۆز داۋاسى بىلەن چۈشۈردى. شۇڭا سىلەر داۋالىنىڭلار، ھارام نەرسىلەر بىلەن داۋالانماڭلار». (ئەبۇ داۋۇد)**

تېنى ساغلام كىشىلەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىشى، تېنى ساق، ساغلام ۋاقتىنى قەدىرلىشى ھەمدە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاللاھ تائالاغا كۆپرەك تائەت-ئىبادەت قىلىشى، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئالدىن بېجىرىپ تۇرۇشى، ياخشى ئىشلارنى، باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشى، باشقىلار بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاداۋەت ساقلىماسلىقى، ئىمكانقەدەر ۋاقىت ئاجرىتىپ كېسەللەرنى يوقلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياردەملىشىپ بېجىرىدىغان ئىشلىرى بولسا ياردەم بېرىشى كېرەك. كېسەل كىشىلەرنى يوقلاپ كىرگەندە ئۇلارغا ياقىدىغان ياخشى سۆز، خۇشال قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشى، ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ پات ئارىدا كېسەلدىن ساقىيىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ شىپالىق ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى كېرەك ھەمدە كېسەل كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسكەرتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىشى كېرەك.

كېسەل كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

[ إِذَا دَخَلْتَ عَلَى مَرِيضٍ فَمُرْهُ فَلْيَدْعُ لَكَ فَإِنَّ دُعَاءَهُ كَدُعَاءِ الْمَلَائِكَةِ ]

**«ئەگەر سەن بىرەر كېسەل كىشىنىڭ قېشىغا كىرسەڭ، ئۇنىڭدىن سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىل. چۈنكى كېسەل كىشىنىڭ دۇئاسى پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئوخشاش». (ئىبنى ماجە)**

# ئادەم سەكراتلىق ھالەتتە

بۇ دۇنيادا ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. بەزى ۋەقە، ھادىسىلەر بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولسا، يەنە بەزى كېسەللەر داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ئەجەلى يەتكەن كىشىلەرگە ئۆلۈمنى سەۋەب قىلىپ، ئالدىن بېكىتىپ قويغان تەقدىردۇر. كېسەل كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ھالىتى سەكراتلىق ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، پەقەت ئۇنىڭغا يېقىن، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان، تەقۋادار، ۋەسىيەت قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار كىشىلەر كىرسە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئەتراپتىكى كىشىلەر تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشى كېرەك.

1) ئۇ كىشىنىڭ ئوڭ يېنىنى باستۇرۇپ قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويۇش، ياكى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىنى قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ، باش تەرىپىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ قويۇش كېرەك. بۇ ئىككى خىل ياتقۇزۇش ئۇسۇلىدا بارلىق ئەزالىرى قىبلىگە يۈزلىنىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئالدىنقى ياتقۇزۇش ئۇسۇلى ياخشى دەپ قارىلىدۇ.

2) ئۇنىڭدىن باشقا، باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا كەلىمە شاھادەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن يېنىك تەكرارلاش، ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ «لَا اِلَهَ اِلَّا اللّٰه» بىلەن ئاياغلىشىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

بۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

[ لَقِّنُوْا مَوْتَاكُمْ شَهَادَةَ اَنْ لَا اِلَهَ اِلَّا اللّٰه ]

«سىلەر سەكراتقا چۈشۈپ قالغان قېرىنداشلىرىڭلارغا بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىش (كەلىمە شاھادەت)نى ئۆگىتىڭلار».

شاھادەت ئۆگەتكەندە بەك قوپاللىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ،

كۆپ تەكرارلاپ ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

(3) ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر كۆپلەپ دۇئا قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، بولۇپمۇ «سۈرە ياسىن»نى ئوقۇش كېرەك.

(4) ئۇ كىشىگە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلدۇرۇش، ھاياتىدىكى ياخشى ئىش ئىزلىرىنى ئېسىگە سېلىپ، «ئاللاھ تائالا چوقۇم مېنى ئەھلى جەننەتلەرنىڭ قاتارىدا قىلىدۇ» دېگەن تونۇشقا ئېلىپ كېلىش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا «ھەدىس قۇددۇسى»دا:

[ أَنَا عِنْدَ ظَنِّ عَبْدِيْ ]

«مەن بەندىلىرىم قانداق گۇمان قىلسا شۇنداق ھالەتتە بولىمەن» دېگەن.

## كېسەل كىشى جان ئۈزگەندە

سەكراتلىق ھالەتتىكى كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالى بىردىنلا ئۆزگىرىپ جان ئۈزگەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ۋاپات بولغانلىقىغا ھەر خىل سىناقلار ئارقىلىق ئىسپات تۇرغۇزۇلسا، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئالدى بىلەن ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇشى، ئېڭىكىنى تېڭىپ قويۇشى، ئىككى پۇتىنىڭ باش بارمىقىنى ئۆزئارا چىگىپ قويۇشى، ھەمدە مېيىتنى يەردىن ئازراق كۆتۈرۈلگەن تاختاينىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۈستىگە پۈتۈن بەدىنىنى تولۇق ياپالىغۇدەك چوڭ بىر يوپۇق يېپىپ قويۇشى كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشى كېرەك.

1) ۋاپات بولغان كىشىنىڭ باشقىلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئېلىش-بېرىش ئىشلىرى بولسا ئېنىقلاپ، قەرزلىرى بولسا ئادا قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

[ نَفْسُ الْمُؤْمِنِ مُعَلَّقَةٌ بِدَيْنِهِ حَتَّى يُقْضَى عَنْهُ ]

«مۇئمىن كىشىنىڭ روھى قەرزى ئادا قىلىنىپ بولمىغىچە ئۇنىڭغا

باغلىنىپ تۇرىدۇ».

2) ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشى كېرەك. باشقىلارنى خەۋەرلەندۈرگەندە ھەرگىز ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تۇۋلىماسلىقى، باشقا كىشىلەرگە تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرماسلىقى كېرەك.

(3) مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا جىددىي تۇتۇش قىلىشى كېرەك.

(4) مۇسىبەت يەتكەن مېيىتنىڭ ئىگىلىرى ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشى، ھەرگىز ئاھ ئۇرۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىقى، ئاللاھ تائالادىن مېيىتكە رەھمەت، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئاۋاز چىقارماي كۆز يېشى قىلسا بولىدۇ.

## مېيىتنى قانداق يۇيۇش كېرەك؟

مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، دەپنە قىلىش ئىشلىرى ئىسلام دىنىمىزدا پەرز كۇپايە بولۇپ، بۇ پەرزنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئادا قىلسا قالغان قىسمىنىڭ گەدىنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان بىر خىل دىنىي مەجبۇرىيەت. شۇڭا مېيىتنى يۇيۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە يۇيۇش سالاھىيىتىگە شەرتلىرى توشقان بىرقانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا بۇ پەرز تولۇق ئادا قىلىنغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشقا سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرنىڭ شەرتى: ئالدى بىلەن مۇسۇلمان ئاقىل بولۇشى، مېيىتنى يۇيۇشنى نىيەت قىلىشى، راستچىل، ئىشەنچلىك بولۇشى، مېيىتنى شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن يوسۇندا يۇيالايدىغان بولۇشى، مېيىتنىڭ بەدىنىدە بەزى ئەيىب ـ نۇقسانلار بولسا، باشقىلارغا يايمايدىغان بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ مېيىتنى يۇيۇش سالاھىيىتى توشىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى سەۋرچانلىق بىلەن مېيىتنى يۇيۇش ئىمكانىيىتى بولسا ئۇلار يۇسا تېخىمۇ ياخشى.

مېيىتنى يۇيۇش ئالدىدا ئۇنى پەردە كەينىگە ئېلىپ كىرىپ تاختا ئۈستىگە ياتقۇزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم ياكى ئورالغان نەرسىلەر بولسا سالدۇرۇۋېلىپ، كىندىكىدىن تىزىغىچە ئەۋرىتىنى ياپالىغۇدەك بىر پارچە رەخت بىلەن يېپىپ قويىدۇ ھەمدە مېيىت ياتقان تاختاينى تاق قېتىم (ئۈچ ياكى بەش ياكى يەتتە قېتىم) خۇشبۇي قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا پاسكىنا سۇلارنىڭ تاختاينىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئېقىپ چۈشۈشى ئۈچۈن باش تەرەپنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويۇپ، قولىغا بىر پارچە يۇمشاق رەخت پارچىسىنى ئېلىۋېلىپ مېيىتنىڭ نىجاسەت ئورۇنلىرىنى، نىجاسەت تېگىپ قالغان جايلىرىنى سۈرتۈپ يۇيۇپ پاكىزلىۋالىدۇ.

مېيىتنى رەسمىي يۇيۇشقا باشلىغاندا، يۇغىلى كىرگەن كىشى قولىنىڭ ئىككى بارمىقىنى ھۆل قىلىپ مېيىتنىڭ كالپۇك، چىش تۈۋلىرىنى، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى سۈرتۈپ پاكىزلاپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتنى نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغۇزىدۇ. لېكىن ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىغا سۇ كىرگۈزمەيدۇ. ئاندىن مېيىتنىڭ ئوڭ يان تەرىپىگە سۇ قۇيۇپ پاكىز يۇيۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سول يان تەرىپىگە سۇ قۇيۇپ يۇيىدۇ. ئاخىرىدا باش ۋە ساقاللىرىنى يۇيۇپ بولۇپ مېيىتنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئاستىغا قارىتىپ يېنىك سىلايدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن مېيىتنىڭ ئارقا ـ ئالدىدىن نىجاسەت چىقىپ قالسا، چىققان نىجاسەتلەرنى پاكىزلىۋەتسە بولىدۇ. قايتىدىن تاھارەت، غۇسلى قىلدۇرۇش ھاجەتسىز. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مېيىتنى يۇغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى ئالا قويماي بىر قېتىم يۇيۇش پەرز بولۇپ، يۇيۇش جەريانىدا بەدەننىڭ ھەر قانداق جايىغا سۇ تەگمەي قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ بەدەننى پاكلايدىغان ھەر خىل سوپۇن، كافۇر[1] سۇلىرى بولسا بولىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش كېرەككى، مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا ھەرگىز قاتتىق قولللۇق

① كافۇر ــ بىر خىل پۇراقلىق ئۆسۈملۈك.

قىلماسلىقى، ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆرۈگەندە يۇمشاق ـ سىلىق بولۇشى كېرەك.

## مېيىتنى قانداق كېپەنلەش كېرەك؟

مېيىتنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كېپەنلەش كېرەك. مېيىتنىڭ كېپەنلىكى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ساقلاپ قويغان ئىقتىسادى بولسا شۇنىڭغا سېتىۋالسا بەك ياخشى بولىدۇ. ئەگەر مېيىت ھايات ۋاقتىدا ئاجىز، تۇرمۇش جەھەتتىن باشقىلارغا تايىنىپ ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇش راسخوتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر پۇل ئاجرىتىپ كېپەنلىك چىقىمىنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىسا مۇسۇلمانلار ئىقتىسادىي خەزىنىسىدىن ياكى پۇلدار مۇسۇلمانلار ئۆز يېنىدىن پۇل ئاجرىتىپ ئۆلگۈچىنىڭ كېپەنلىك رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ سۈننەت تەرىقىدىكى كېپەنلىكى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: (1) «قَمِيْص» (مېيىتنىڭ گەدىنىدىن پۇتىغىچە كېلىدىغان يەڭ ۋە يانچۇقلىرى بولمىغان تۇپتۇز ئاق كۆڭلەك). (2) «اِزَار» (مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن قىسقىراق كېلىدىغان مېيىتنى ئورىيالىغۇدەك ئاق رەخت). (3) «لِفَافَة» (بۇ مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كۆڭلەك، ئىزارلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئورىيالىغۇدەك، ئىزاردىن سەل ئۇزۇنراق كېلىدىغان ئاق رەخت) لەردىن ئىبارەت. شارائىت تولۇق بولمىغاندا ئىزار، لىفافە بىلەنلا كېپەنلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ....

ئايال كىشىنىڭ سۈننەت تەرىقىسىدىكى كېپەنلىكى بەش بولۇپ ئۇلار: (1) «قَمِيْص»، (2) «اِزَار»، (3) «لِفَافَة»، (4) «خِمَار» (بۇ ئايال كىشىنىڭ بېشىدىن كۆكسىگىچە چۈشۈرۈلۈپ كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدە ئىزارنىڭ ئاستىدا چېگىپ قويۇلىدىغان ياغلىق)، (5) «خِرْقَة» (بۇ ئايال كىشىنىڭ كۆكسىنى ياپتۇرۇپ چېگىپ قويىدىغان رەخت پارچىسى) لەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا شارائىت تولۇق بولمىسا، ئىزار، لىفافە، خىمار بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

مېيىتنى كېپەنلەشتە ئالدى بىلەن كېپەنلىكنى تاق قېتىم (ئۈچ، بەش، يەتتە قېتىم) خۇشبۇي بىرىپ بولۇپ، ئاندىن لىفافەنى سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزارنى ياپىدۇ. ئاندىن مېيىت ياخشى سۈرتۈلۈپ قۇرۇغاندىن كېيىن، ئىزارنىڭ ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ باش، ساقاللىرىغا، سەجدە قىلىدىغان ئورۇنلىرىغا (پېشانە، بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز، ئىككى پۇتلىرىغا) خۇشبۇي نەرسىلەرنى قويىدۇ. ئەگەر خۇشبۇي كافۇردىن بولسا ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتكە قەمىسنى كىيدۈرۈلۈپ، ئىزارنىڭ سول تەرىپىنى مېيىتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ تەرىپى بىلەن باستۇرۇپ ئورايدۇ. لىفافەنىمۇ ئىزارنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئورايدۇ. ئەگەر كېپەنلىكنىڭ بوشاپ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىنى بوشراق تېڭىپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئايال كىشىلەرنى كېپەنلەشمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ كۆكسىگە خىرقە چىگىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ چېچى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدە مەيدىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ياغلىقى كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە چاچنى يېپىپ چىگىلىدۇ. ئەمما ئەر-ئايال مېيىتلەرنى كېپەنلىگەندە چاچ-ساقاللىرى تارالمايدۇ ھەم چاچ-تىرناقلىرى ئېلىنمايدۇ.

## مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا

مېيىت نامىزىنى ئادا قىلىش ئىسلام دىنىدىكى كوللېكتىپ بىر دىنىي پائالىيەت بولۇپ، بۇنىڭغا قاتنىشىدىغان جامائەتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى شۇ مېيىتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق ھېسسىياتى يەنىلا ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنى مۇشۇنداق كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا ئىمام مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن يىغىلغان جامائەتكە ھايات-ماماتلىقنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ، بىز قانداق پەيدا بولدۇق، قانداق

ياشىشىمىز كېرەك، قانداق ۋاپات بولۇشىمىز كېرەك، دېگەنلەرنى ئېسىگە سېلىپ، كۆز ئالدىدىكى نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا تۇرغان مېيىتنىڭ ۋاپاتىدىن ئىبرەت ئېلىشقا تەشەببۇس قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم ھاياتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىشلارغا دۇچار بولۇپ، بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا بەزى كىشىلەرنى رازى قىلالىسا، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇپ، ئۆزئارا زىددىيەت چىقىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆزئاق مۇددەتلىك ئاداۋەت ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا تۇرغان مېيىتنىڭ مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلىرى بولسا، يىغىلغان جامائەتنىڭ رازى بولۇپ كېتىشىنى، ئەگەر مېيىت بىلەن ئىقتىسادىي ئېلىش-بېرىش ئىشى بولسا، مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن كېلىشىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئۆزۈندىن بۇيان ئومۇملىشىپ كەلگەن رازىلىق سوراش ئادىتى بولۇپ، بۇنىڭ ۋاقتى قىسقا، مەزمۇنلۇق، دۇنيا سۆزى ئارىلاشمىغان، جامائەتنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا بولسا، دىندا ياخشى ئادەتلەر قاتارىدا سانىلىدۇ ھەمدە بۇ ۋاپات بولغۇچىنى بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرىدىن خالاس قىلىپ، ئاخىرەتلىك سەپىرىگە پاك-پاكىز ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھايات كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشى ئىنتىلىشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغان كىشى ھەقىقەتەن ياخشى، ئۇنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان، جەمئىيەتكە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىلىرى، ياخشى ئىش ئىزلىرى بولسا، جامائەتكە سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى، شەرەپلىك ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە جامائەتتىن ياخشى گۇۋاھلىق ئېلىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ھايات كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكلەرگە گۇۋاھچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە

مۇنداق دېيىلگەن:

[ عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ الله عَنْهُ قَالَ: مَرُّوْا بِجِنَازَةٍ فَأَ ثْنَوْا عَلَيْهَا خَـيْراً، فَقَـالَ النَّـبِيُّ صَلَّى الله عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ: «وَجَبَـتْ» ثُـمَّ مَـرُّوْا بِـأُخْرَى فَـأَثْنَوْا عَلَيْهَـا شَرًّا، فَقَـالَ: «وَجَبَتْ» فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ رَضِيَ الله عَنْهُ: مَا وَجَبَـتْ؟ قَـالَ: «هَـذَا أَثْنَيْـتُمْ عَلَيْهِ خَيْرًا فَوَجَبَتْ لَهُ الجَنَّةُ، وَهَذَا أَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ شَرًّا فَوَجَبَتْ لَهُ النَّـارُ، أَنْـتُمْ شُـهَدَاءُ اللَّهِ فِي الْأَرْضِ» ]

«ئۇلار بىر جىنازا نامىزىغا بارغانـدا، ئـۇ مېيىـتكە ياخشى باھا بېرىـپ ماختىغان، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ۋاجىـپ بولـدى، دېـگەن. كېيىن ئۇلار يەنە بىر جىنازا نامىزىغا بارغاندا مېيىتنىڭ يامان تەرىپىنى قىلىشىپ كەتكەن. (بۇنىڭغىمۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ۋاجىپ بولـدى، دېـگەن. (بـۇ ۋاقىتتـا) ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: نـېمە ۋاجىـپ بولـدى؟ دەپ سـورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام: «مـاۋۇ كىشـىنى ماختىۋىـدىڭلار، ئۇنىڭغـا جەنـنەت ۋاجىپ بولدى، ماۋۇ كىشىنى ئەيىبلىۋىـدىڭلار، بۇنىڭغـا دوزاخ ۋاجىـپ بولـدى. سـىلەر بولسـاڭلار ئاللاھنىــڭ زېمىنــدىكى گـۇۋاھچىلىرى» دېـگەن. يەنە بىـر رىۋايەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

[ أُذْكُرُوْا مَحَاسِنَ مَوْتَاكُمْ ]

«سىلەر ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ ياخشى ئىش ئىزلىرىنى سۆزلىشىڭلار.»

(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇڭا، بىر كىشىنى ئاخىرەت سەپىرىگە ئۇزىتىش ئالدىدا، ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرى، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى كۆپلەپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ يامان تەرەپلىرىدىن سۆز ئاچماسلىق كېرەك.

چـۇنكى بـۇ توغرىـدىمۇ پەيغەمـبىرىمـز يولـيورۇق بېرىـپ مۇنـداق دېگەن:

[ لَا تَسُبُّوْا اَمْوَاتَكُمْ فَاِنَّهُمْ قَدْ اَفْضَوْا اِلَى مَا قَدَّمُوْا ]

«سـىلەر ئۆلـۈكلىرىڭلارنى تىللىمـاڭلار، چـۇنكى ئـۇلار ئـۆزلىرى قىلغـان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە كېتىپ قالدى.»

## مېيىت نامىزىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟

مېيىت نامىزىنى ئادا قىلىش ئىسلام دىنىدا پەرز كۇپايە بولۇپ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. بۇ نامازنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرى: ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ تاھارىتى بولۇشى، كىيىمى، ئۆزى پاكىز بولۇشى، قىبلىگە يۈزلىنىشى كېرەك. يەنە ناماز چۈشۈرمەكچى بولغان مېيىتنىڭ يۇيۇلغان بولۇشى ھەمدە جامائەتنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇلۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

مېيىت نامىزىنىڭ ئىككى پەرزى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قىيامدا تۇرۇش، يەنە بىرى تۆت تەكبىرنى ئوقۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، قالغان پائالىيەتلەر سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

مېيىت نامىزىغا مېيىت ۋاپات بولغان مەھەللىنىڭ ئىمامى باش بولۇپ، نامازنى چۈشۈرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر بولالمىغان بولسا، مېيىتنىڭ ئىگىسى نامازغا كېچىكىپ قېلىپ، نامازغا داخىل بولالمىغان بولسا، نامازنى قايتىدىن ئوقۇشقا بولمايدۇ.

نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىشقا تېگىشلىك مېيىت نامىزى ئوقۇلماستىن دەپنە قىلىنىپ قالغان بولسا، مېيىتنىڭ چىرىپ كېتىشىدىن بۇرۇن قەبرە بېشىغا بېرىپ نامىزىنى چۈشۈرسە بولىدۇ. ئەگەر نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە مېيىت كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇلارنى بىر ناماز بىلەنلا چۈشۈرسىمۇ بولىدۇ، ياكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا چۈشۈرسىمۇ بولىدۇ. كىچىك باللارنى ئايرىم چۈشۈرىدۇ.

مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ۋاقتىدا، ئىمام مېيىتنىڭ مەيدىسى ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ. جامائەت ئىمامنىڭ كەينىدە ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەپ بولۇپ تۇرسا بولىدۇ. ئىمام نامازغا كىرىش ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇپ، قولاق قېقىپ نامازغا كىرىدۇ. ئاندىن كېيىن:

[ سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَ بِحَمْدِكَ وَ تَبَارَكَ اسْمُكَ وَ تَعَالٰى جَدُّكَ وَ لَا اِلٰهَ غَيْرُكَ ]نى ئوقۇيدۇ.

ئاندىن ئىمام ئىككىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇرۇت يەنى [ اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَ عَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيْمَ وَ عَلٰى آلِ اِبْرَاهِيْمَ اِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ ۞ اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَ عَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيْمَ وَ عَلٰى آلِ اِبْرَاهِيْمَ اِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ ]نى ئوقۇيدۇ.

ئىمام ئۈچىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ مېيىتكە، بارلىق تىرىك، ئۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە [ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَ مَيِّتِنَا وَ صَغِيْرِنَا وَ كَبِيْرِنَا وَ ذَكَرِنَا وَ اُنْثَانَا وَ شَاهِدِنَا وَ غَائِبِنَا، اَللّٰهُمَّ مَنْ اَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَاَحْيِهِ عَلٰى الْاِسْلَامِ وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوَفَّهُ عَلٰى الْاِيْمَانِ، اَللّٰهُمَّ لَا تَحْرِمْنَا اَجْرَهُ وَلَا تَضِلَّنَا بَعْدَهُ ] دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ.

ئەگەر مېيىت كىچىك بالا بولسا: [ اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهُ لَنَا فَرَطًا وَ زُخْرًا وَ شَافِعًا وَ مُشَفَّعًا ] دەپ دۇئا قىلىدۇ.

ئىمام دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆتىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ بولۇپ ئىككى تەرىپىگە سالام بېرىدۇ. ئىمام بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن قول كۆتۈرمەي تەكبىرلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىدۇ، كەينىدىكى جامائەت ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئوقۇپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ. تەكبىر ئېيتقاندا ئاسمانغا قارىماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن مېيىت نامىزى تامام بولىدۇ.

## مېيىتنى دەپنە قىلىش

مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىتنىڭ تۇغقانلىرى، يار ـ بۇرادەرلىرى تاۋۇتنى تېزدىن كۆتۈرۈشۈپ قەبرىستانلىق تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشى كېرەك. تاۋۇتنى كۆتۈرگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئوڭ مۈرىسى بىلەن كۆتۈرۈشى، بىرئاز ھارغىنلىق ھېس قىلغاندا سول مۈرىسىگە يۆتكىشى كېرەك. قالغان جامائەت ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىغا، ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ، مېيىتنىڭ تاۋۇتىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا

بىرىش ئىمكانىيىتى بولسا، تاۋۇتنىڭ كەينىدىن ماڭسا بولىدۇ. جىنازىنىڭ كەينىدىن قەبرىستانلىققا بېرىش سۈننەت بولۇپ، ئەگىشىپ ماڭغاندا چوقۇم قايغۇرۇش ھالىتىدە ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا مەڭگۈلۈك خوشلىشىپ كېتىۋاتقان دىنىي قېرىندىشى ئۇچۇن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك ھەمدە بۇ قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبرەت ئېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا قانداق ئىشلارنى قىلىشى، قانداق ئىشلارنى قىلماسلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ مېڭىشى، ھەرگىز دۇنيا سۆزلىرىنى، كۈلكە-چاقچاقلارنى قىلىپ يۈرمەسلىكى لازىم. ئەگەر بىر مۇسۇلمان كىشى باشقىلارنىڭ يول ئۈستىدە جىنازىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىشى كېرەك. قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغاندا، تاۋۇتنى يەرگە قويۇشتىن بۇرۇن ئالدىدا ئولتۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

مېيىت ئۇچۇن تەييارلانغان قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بەلگىلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ھالدا ئىچ گۆر، تاش گۆر قىلىپ تەييارلانسا تېخىمۇ ياخشى، مېيىتنى قەبرىگە ئېلىپ كىرگەندە، قىبلە تەرەپ بىلەن ئېلىپ كىرىش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىسا قايسى ئۇسۇلدا ئېلىپ كىرسە بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر مېيىت ئايال بولسا، قەبرىنىڭ ئاغزىنى بىرەر نەرسە بىلەن پەردە قىلىپ توسۇپ تۇرۇش كېرەك.

مېيىتنى قەبرىگە ئېلىپ كىرگەن كىشىلەر مېيىتنى قەبرىگە قويغاندا «بِسْمِ اللَّهِ وَضَعْنَاكَ وَ عَلٰى مِلَّةِ رَسُوْلِ اللَّهِ سَلَّمْنَاكَ» دەپ ئوقۇپ مېيىتنىڭ ئوڭ يېنىنى باستۇرۇپ قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ ھەمدە كېپەنلىكنىڭ يېشىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىگىپ قويغان چىگىكلىرىنى يېشىپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەبرىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ توپا تاشلاشقا باشلايدۇ.

مېيىتنىڭ قەبرىسىنى ياسىغاندا، سۈننەت تەرىقىسىدە يەر يۈزىدىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈپ، ئۈستىنى ئۇچلاپ چوققا چىقىرىپ قويسا بولىدۇ. قەبرىنى كۆتۈرمەي تۈز ھالىتىدە، بەزى تاش ياكى ياغاچلار بىلەن بەلگە

قىلىپ قويسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان بىننى مەزئۇننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە بىر تاش بىلەن بەلگە قىلىپ قويغان.

دىيارىمىزدا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىرەرسى ۋاپات بولسا، ئۇنى قەبرىگە دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىپ، مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ئادەت بار. بۇ ئادەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندا قالدۇرغان سۈننىتىنى ئەھيا قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

[ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا فَرَغَ مِنْ دَفْنِ الْمَيِّتِ وَقَفَ عَلَيْهِ وَقَالَ: «اِسْتَغْفِرُوْا لِأَخِيْكُمْ وَسَلُوْا لَهُ التَّثْبِيْتَ فَإِنَّهُ الْآنَ يُسْأَلُ» ]

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن:**

**«بۇ قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭ توغرا جاۋاب بېرەلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار!» دەيتتى. (ئەبۇ داۋۇد)**

شۇڭا «دۇئا دېگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ كەينىدىن قىلىنسا ئىجابەت بولىدۇ» دېگەن قاراش بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن دۇئا قىلىش ئادەتلەنگەن.

بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە كۆز قاراشتىكى كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىرىكلەرنى ھىدايەت قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يەنە پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاشتا مۆجىزىلىك رول ئوينىغان، ئۇنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئوقۇسا ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىپ بولالمىغان.

شۇ سەۋەبتىن پۈرسەت بولسىلا «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ تۇرۇش، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلۇۋاتقان سورۇن ۋە ئورۇنلارنىڭ جىمجىتلىقىنى ساقلاش، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ئاڭلاش، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ساۋابىنى بىزدىن بۇرۇن كەتكەن ئەجدادلارغا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ روھىغا بېغىشلاپ دۇئا قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

## تەزىيە بىلدۈرۈش، قارىلىق تۇتۇش

تەزىيە بىلدۈرۈش دېگەنلىك ئەسلىي مۇسىبەت كەلگەن كىشىلەرگە تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەتكە سەۋر - تاقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ھەمدە ئاللاھتائالادىن ئۇلاردىن مۇسىبەتكە قىلغان سەۋر - تاقەتلىرىگە ئەجىر - ساۋاب تىلەپ قىلىپ دۇئا قىلىش ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلارغا ئورتاقلىشىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك پائالىيەت بولۇپ ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا مۇستەھەپ ئىشلار قاتارىدا سانىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشىگە مۇسىبەت كەلسە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا مۇسىبەت يېتىپ ئۈچىنچى كۈنىگە قەدەر ھەرقانداق ئۇسلۇبتا بولسۇن، بىر قېتىم تەزىيە بىلدۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشى «عَظَّمَ اللهُ اَجْرَكَ وَ اَحْسَنَ عِزَّاكَ وَ غَفَرَ لِمَيِّتِكَ» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھتائالا ساڭا ئەجىر - ساۋاب بەرسۇن، ياخشى سەۋر - تاقەت ئاتا قىلسۇن، مېيىتىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن» دېگەن بولىدۇ. مۇسىبەت يەتكەن كىشى جاۋاب قايتۇرۇپ: «اِسْتَجَابَ اللهُ دُعَاءَكَ وَ رَحِمْنَا وَ اِيَّاكَ» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھ دۇئايىڭنى قوبۇل قىلسۇن، ھەمدە بىزگە ۋە ساڭا رەھمەت قىلسۇن! دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار بىر - بىرى بىلەن ئورتاقلىق ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىشىپ، دىنىي قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، لېكىن شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارغان ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ مۇسىبەت كەلگەن كىشىلەرنىڭ قايتىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ قايغۇرۇشىغا، كۆز يېشى قىلىپ يىغلىشىقا سەۋەبچى بولماسلىقى كېرەك.

ھازىر دىيارىمىزدا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۇسلۇبلىرى، سۆز - ئىبارىلىرى خىلمۇخىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، تەزىيە بىلدۈرگۈچى مۇسىبەت يۈز بەرگەن كۈندە مۇسىبەت ئىگىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ، «اَلْحُكْمُ لِلّٰهِ»

(ئەلھۇكمۇ لىللاھ) دەيدۇ. بۇ «ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغۇچىلارمىز» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇسىبەت ئىگىلىرىگە رەببىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بوي سۇنۇشى لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. جامائەت مېيىتنى دەپنە قىلىپ قايتىپ كەلگەندە مۇسىبەت بولغان ئۆيگە كىرىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسىبەتتىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان ياكى كېچىكىپ قالغان كىشىلەر مۇسىبەت بولغان ئۆيگە كىرىپ «فاتىھە» قىلىدۇ. بۇنىڭدىمۇ قۇرئاندىن بىرقانچە ئايەت ئوقۇپ مېيىتكە ساۋابىنى بېغىشلاپ دۇئا قىلىدۇ. بۇلار بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان ئومۇملىشىپ كېلىۋاتقان «تەزىيە بىلدۈرۈش» ئادەتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇسىبەت ئىگىلىرىگە تەسەللى بېرىشنى، مېيىتكە رەھمەت، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى، ئوقۇغان ئايەتلىرىنىڭ ساۋابىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ، ئاللاھتائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، مۇسىبەت يەتكەندە ئايال كىشىلەرنىڭ قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرى بار. بۇنىڭدا ئەگەر بىر ئايال كىشىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ، مۇسىبەت بولغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە قارىلىق تۇتسا بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. ئەگەر ۋاپات بولغان كىشى ئايالنىڭ ئېرى بولسا، بۇ ئايال ئېرىگە بولغان سەممىيلىكىنى، ۋاپادارلىقىنى، ھەقىقىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتىدۇ.

ئايال كىشى قارىلىق تۇتقان مەزگىلدە، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، سۈرمە سۈرۈش، ئەتىر چېچىش، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، يېپەك كىيىملەرنى، گۈللۈك، رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش قاتارلىق بارلىق گۈزەللەندۈرۈش ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاجىپ.

ئەمما بۇ مەزگىلدە قارىلىق تۇتۇش باھانىسىدە ئاخشىمى چىراغنى ئۆچۈرمەسلىك، ھويلا ـ ئارامىلارنى، ئۆيلەرنى سۈپۈرمەسلىك، چاچ ـ

ساقاللارنى ياسىماسلىق، يۈيۈنۈپ تارانماسلىق، تىرناق ئالماسلىق دېگەندەك ئىشلارنى قارىلىق تۇتۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىش خاتادۇر.

## قەبرىنى زىيارەت قىلىش

قەبرىنى زىيارەت قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەپ بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ توغرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

[ كُنْتُ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبُوْرِ فَزُوْرُوْهَا فَإِنَّهَا تُذَكِّرُكُمُ الْآخِرَةَ ]

«مەن بۇرۇن، سىلەرنى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشتىن توسقانىدىم، سىلەر ھازىر زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ». (ئىبنى ماجە)

شۇڭا ۋاقتى بوش، قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشقا قولايلىق شارائىتى بار كىشىلەر قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. قەبرىستانلىققا بارغاندا ئۆلۈكلەرگە ئۇلۇغ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت، رەھمەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. قەبرىستانلىققا بارغاندا بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:

[ اَلسَّلامُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لاَحِقُونَ، أَسْأَلُ اللَّهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ ]

«ئى مۇئمىن مۇسۇلمانلار! سالام سىلەرگە! ئاللاھ تائالا خالىسا بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلىمىز، ئاللاھ تائالادىن بىز ئۈچۈن ۋە سىلەر ئۈچۈن ئامانلىق تىلەيمىز». (مۇسلىم)

قەبرىستانلىقنى ھەر قېتىم زىيارەت قىلغاندا ئۆلۈمنى ئېسىگە ئېلىشى، بۇنىڭ ھەرقانداق بىر كىشى ئۈچۈن مۇقەررەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، ئۆلۈكلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، بۇ دۇنيالىق قىسقىغىنا ھاياتىدا ئاللاھ تائالاغا كۆپرەك ئىبادەت قىلىۋېلىشقا، باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە ئىرادە باغلىشى كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش كېرەككى، زىيارەت قىلىش جەريانىدا ھەرگىز ئۆلۈكلەردىن مەدەت، ياردەم تەلەپ قىلماسلىقى، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يىغلىماسلىقى ھەمدە چوقۇنۇش يۈزىسىدىن قەبرىلەرنى

قوچاقلاپ، سىيلاپ تاۋاپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق قۇدرەت، ئىقتىدار قالمايدۇ. ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. بەلكى ئۇلار بىز ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى، ئۇلارغا رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىمىزغا، ساۋابىنى ئۇلارغا بېغىشلاپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىزغا موھتاج. شۇڭا كۆپىنچە ئۆلىمالار ئاياللارنىڭ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلاردا چوقۇم سەۋر-تاقەت بولۇشنى، ئاسانلا ھاياجانلىنىپ كەتمەيدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاياللارنىڭ كۆڭلى ئىنچىكىلىك قىلىپ، ھېسسىياتىنى باسالماي قايغۇرۇپ، قەبرىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كېتىدىغان، ئۇلاردىن مەدەت تىلەپ قىلىپ يالۋۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا قەبرە زىيارەت قىلغۇچىلار بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْن

***********************************

بۇ ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنلىرىنى تەييارلاش جەريانىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر توپلىمى»، «جوڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «ۋەز-نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «تاللانغان ۋەزلەر» قاتارلىقلار ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىكى، ۋاقتىنىڭ قىس بولۇشى سەۋەبىدىن مەلۇم خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى

| يانۋار (1 ـ ئاي) | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 (چارشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:25 | 4:45 | 5:43 |
| 2 (پەيشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:26 | 4:46 | 5:44 |
| 3 (جۈمە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:27 | 4:47 | 5:45 |
| 4 (شەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:28 | 4:48 | 5:46 |
| 5 (يەكشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:28 | 4:48 | 5:46 |
| 6 (دۈشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:30 | 4:50 | 5:48 |
| 7 (سەيشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:30 | 4:51 | 5:49 |
| 8 (چارشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:31 | 4:52 | 5:50 |
| 9 (پەيشەنبە) | 6:06 | 7:43 | 12:30 | 2:32 | 4:53 | 5:51 |
| 10 (جۈمە) | 6:06 | 7:42 | 12:30 | 2:33 | 4:54 | 5:52 |
| 11 (شەنبە) | 6:06 | 7:42 | 12:30 | 2:34 | 4:55 | 5:53 |
| 12 (يەكشەنبە) | 6:05 | 7:42 | 12:30 | 2:35 | 4:56 | 5:54 |
| 13 (دۈشەنبە) | 6:05 | 7:41 | 12:30 | 2:36 | 4:57 | 5:55 |
| 14 (سەيشەنبە) | 6:05 | 7:41 | 12:30 | 2:38 | 4:59 | 5:57 |
| 15 (چارشەنبە) | 6:05 | 7:40 | 12:30 | 2:39 | 5:00 | 5:58 |
| 16 (پەيشەنبە) | 6:04 | 7:40 | 12:30 | 2:40 | 5:01 | 5:59 |
| 17 (جۈمە) | 6:04 | 7:39 | 12:30 | 2:41 | 5:02 | 6:00 |
| 18 (شەنبە) | 6:03 | 7:39 | 12:30 | 2:42 | 5:03 | 6:01 |
| 19 (يەكشەنبە) | 6:03 | 7:38 | 12:30 | 2:43 | 5:05 | 6:03 |
| 20 (دۈشەنبە) | 6:03 | 7:38 | 12:30 | 2:44 | 5:06 | 6:04 |
| 21 (سەيشەنبە) | 6:02 | 7:37 | 12:30 | 2:45 | 5:07 | 6:05 |
| 22 (چارشەنبە) | 6:01 | 7:36 | 12:30 | 2:46 | 5:09 | 6:07 |
| 23 (پەيشەنبە) | 6:01 | 7:35 | 12:30 | 2:47 | 5:10 | 6:08 |
| 24 (جۈمە) | 6:00 | 7:35 | 12:30 | 2:49 | 5:11 | 6:09 |
| 25 (شەنبە) | 5:59 | 7:34 | 12:30 | 2:50 | 5:13 | 6:11 |
| 26 (يەكشەنبە) | 5:59 | 7:33 | 12:30 | 2:51 | 5:14 | 6:12 |
| 27 (دۈشەنبە) | 5:59 | 7:33 | 12:30 | 2:51 | 5:14 | 6:12 |
| 28 (سەيشەنبە) | 5:57 | 7:31 | 12:30 | 2:53 | 5:17 | 6:15 |
| 29 (چارشەنبە) | 5:56 | 7:30 | 12:30 | 2:54 | 5:18 | 6:16 |
| 30 (پەيشەنبە) | 5:56 | 7:29 | 12:30 | 2:55 | 5:19 | 6:17 |
| 31 (جۈمە) | 5:55 | 7:28 | 12:30 | 2:57 | 5:21 | 6:19 |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلدىكى ۋاقىت نامازغا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.